ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# ئۆسكەك پادشاھ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئېچىل داستخان !
ئېچىلدى !!!
داستخاندا لىق چۆچەك...



ISBN 978-7-228-10823-7
定价：4.50元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# ئۆسەك پادىشاھ

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

好斗的国王：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1

(维吾尔民间故事)

ISBN 978-7-228-10823-7

Ⅰ.好… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006084号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**好斗的国王**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.375印张
2007年1月第1版 2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10823-7 定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئۇسكەك پادىشاھ

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.375
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 ـــ 5000
ISBN 978-7-228-10823-7
باھاسى: 4.50 يۈەن




پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


ھەسنەم ۋە گۈلپەرى ........................ 1

ھۆۋەي باتۇر ........................ 27

ئىبرەت ........................ 36

ھېكمەتلىك سۆز ........................ 37

ئۈسكەك پادىشاھ ........................ 58

پادىشاھنىڭ سالىمى ........................ 70




# ھەسىنەم ۋە گۈلپەرى

بۇرۇنقى زاماندا، مەغرىب تاماندا مەھمۇد، ھاۋاخان ئىسىملىك بىر ئەر ــ خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى ئىغىز كەپىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بولۇپ، تۇمىقى چۇشسە خۇدانىڭ زېمىنىغا چۈشىدىكەن. ئۇلار مەھەللىدىكى كاتتا بىر باينىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ تۇرمۇشىنى سېرىقتال ئۆتكۈزىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ھەسىنەم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، تولىمۇ ئىشچان ئىكەن، ئاتا ــ ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىكەن. باھار كېتىپ ياز كەپتۇ. ھەسىنەممۇ ئون تۆت ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئورما باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەسىنەم دادىسى بىلەن بىللە بۇغداي ئورۇش ئۈچۈن ئېتىزلىققا بېرىپتۇ ۋە ئورمىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەسىنەم ئورما ئورۇشتا دادىسىدىن قېلىشماپتۇ. دادىسىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ رازى بوپتۇ. ھەسىنەم كەچكىچە ئىشلەپ، ھېرىپ ئۆرە تۇرغۇچىلىكى قالماپتۇ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دادىسىنىڭ ئوغلىغا

ئىچى ئاغرىپ:

— ئوغلۇم، سەن ئۆيگە بېرىپ ئارام ئالغىن، مەن قالدى بۇغدايلارنى ئورۇۋېتىپ ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمەن، — دەپ- تۇ. ھەسەنئەم كۆزىنى ئاران ئېچىپ:

— ياق، دادا، سىز بۇنچىلىك ئىشنى تۈگىتەلمەي- سىز، — دەپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرماقچى بوپتۇ، ئەمما ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. دادىسى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئېتىز بېشىدىكى قېرى سىدە تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئالدىراپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپتۇ. ھەسەنئەم بىرپەستىن كې- يىن تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئۈس- تىدە ھەيۋەتلىك بىر قۇش پەيدا بوپتۇ - دە، بىردىنلا پەسلەپ، ھەسەنئەمنى كۆتۈرۈپلا ھاۋاغا تېز ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھ بەرقۇتتىن ئاڭلاي- مىز:

كۇھىقاپتا تاغ - دەريالىرى ۋە باغۇ بوستانلىرى كۆپ، ئاۋات بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ پادىشاھى شاھ بەرقۇت ئىكەن. ئۇ ئەلنىڭ دەردۇ ھالىغا قىلچە يەتمەيدى- كەن، ھەرەمخانىلىرىغا نازىنىنلارنى يىغىپ كەيپ - ساپا قىلىدىكەن. شاھ بەرقۇتنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قارا نىيەت ئىكەن. ئاغزىدا پادىشاھنى ماختاپ - ئۇچۇرۇپ يۈرسىمۇ، دىلىدا شاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش غەرىزى قۇترايدىكەن. ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ قىزى گۇل-

پەرىنى قولىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئەمىرگە ئىلىشنى ئويلايدىكەن. پادىشاھ بۇ قارا نىيەت ۋەزىرنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن. گۈلپەرى سېھىرگەرلىك ئىلمىدە ئاتىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوك قول ۋەزىر پادىشاھقا ئەلچى كىرگۈزۈپ، گۈلپەرىنى سوراپتۇ. پادىشاھمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. گۈلپەرى قوشۇلماپتۇ. گۈلپەرى زورلۇق، بېسىم ئالدىدا:

ــ شاھ دادام بىلىپ قالسۇنكى، مەن ئۆزۈم بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان يىگىت بىلەن توي قىلىمەن. بۇنىڭغا ئۇنىمايدىكەن، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، دۇنيادىن ھېچ كىشىگە ياتلىق بولماي ئۆتۈپ كېتىمەن، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان زالىم پادىشاھ ۋەزىرگە ئەمر قىلىپ:

ــ بۈگۈندىن ئېتىبارەن قىزىم بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن. ئۇ قايسى ئىقلىمدا بولسىمۇ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بېجىرىلسۇن ! ــ دەپتۇ.

ياۋۇز ئوك قول ۋەزىر پەرماننى قولىغا ئالغان ھامان زور قىرغىنچىلىق باشلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىبلىس قولى ھەسەنەمنىڭ يۇرتىغا يەتكۈچە، گۈلپەرى پۈتۈن ئالەمنى سەيلە قىلىپ ئۆزىگە لايىق ئىزدەپتۇ. ئۇ ھەسەنەمنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرۈپتۇ ـ دە، ھەسەنەمنى ئەپقېچىپتۇ ۋە ئۇنى

سىنىماق ئۇچۇن ئۇردا شەھىرى ئالدىدىكى چەشمە بۇلاق تۈۋىگە تاشلاپتۇ.

ھەسىنەم ئويغانغۇدەك بولسا، چەشمە بۇلاق تۈۋىدە تۇرغۇدەك. ئالدىدا ئاجايىپ بىر كاتتا شەھەر ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەسىنەم ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم قورقۇپتۇ، قورققىنىدىن كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپتۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇلاق يېنىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يولغا چۈشۈپتۇ ـ دە، شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئېگىزلىكى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان بىر ئىمارەت كۆزگە چېلىقىپتۇ. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىغۇدەك بولسا، بۇ سەلتەنەتلىك ئىمارەتنىڭ بىرمۇ تۈۋرۈكى يوق، ئاسماندا مۇئەللەق تۇرغۇدەك. تاملىرى كۈمۈشتىن قوپۇرۇلغان بۇ ئىمارەتنىڭ قاشتېشى راملىق پەنجىرىسىدىن بىر قىز قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاپتاپ تەلەتلىك، قۇياش يۈزلۈك بۇ ساھىبجامالنى كۆرگەن ھەسىنەم ھوشىدىن كەتكىلى تاس ـ تاماس قاپتۇ. ئۇ بۇ ساھىبجامالنىڭ ئىشقى پىراقىدا بارلىق غەم ـ غۇسسىلەرنى ئۇنتۇپتۇ. ھەسىنەم ئۆزىنى زورغا بېسىپ سوراپتۇ:

ـــ ئەي مەلىكەم، بۇ قەيەر؟

ـــ بۇ كوھىقاپ شاھى شاھ بەرقۇتنىڭ ئوردىسى، ـــ دەپتۇ جاۋابەن قىز.

ئاتا ـ ئانىسىدىن: «كوھىقاپ بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلى-

قى ئۈچ مىڭ يىللىق يول» دەپ ئاڭلىغان ھەسىنەم قورقۇپ كېتىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تازا بېشى قېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قىز:

— ئەي يىگىت، سىز كۆپ قايغۇرماي، مۇشۇ مىڭدىشىڭىز بويىچە مېڭىۋېرىڭ، شۇ چاغدا بىر باغقا چىقىسىز، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇق - تۈلۈكىڭىز شۇ يەردە بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھەسىنەم بۇ ساھىبجامال مەلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغانىكەن، ئالتۇن دەرۋازىلىق بىر ھەشەمەتلىك باغقا كېلىپ قاپتۇ. باغ شۇنچىلىك ھەيۋەت ۋە گۈزەل ئىكەنكى، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ، ساڭگىلىشىپ تۇرىدىكەن، قۇشلار سايرىشىپ كۆڭۈللەرنى شاد، دىلنى مەپتۇن قىلىدىكەن.

ھەسىنەم شىرىلداپ سوزۇك سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنى بويلاپ ماڭغانىكەن، كاتتا بىر ئىمارەت ئالدىغا كەپتۇ ۋە شۇ ھامان «سالام» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ دەرۋازا ئېچىلىپتۇ. ھەسىنەم قىزىق ئىشىكتىن ئۆتۈپ ھەشەمەتلىك بىر سارايغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭدا خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەر تىزىپ قويۇلغانىكەن. ھەسىنەم ئۇنىڭ ھەرقايسىسىدىن تېتىپ بېقىپتۇ، بىر - بىرىدىن تەملىك ۋە مەززىلىك تائاملارنى يەپ قورسىقى تويۇپتۇ. ئۇ ھەشەمەتلىك سارايدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي كەپىسى ۋە مېھرىبان ئاتا -

ئانىسىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتىپ يىغلاپتۇ:

ئەزىز يۇرتۇم، ئىسسىق كۆلبەم قايدىسەن؟
مېھرىبانىم مەھمۇد ئاتام قايدىسەن؟
مېھرى يالقۇن ھاۋا ئانام قايدىسەن؟
بىرگە ئويناپ يۇرگەنلىرىم قايدىسەن؟

مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم نە ئۇچۇن؟
مەلۇم ئەمەس، ماڭا مۇشكۇل سىر نىچۇن؟
توغرا يولغا سالغىن قادىر خۇدايا،
ياشلار تۆكۈپ ئاۋارىمەن، قايدىسەن؟

يېشىلمەيدۇ نىمە ئۇچۇن تېپىشماق،
ماڭا مۇشكۇل خەتەر بىلەن ئېلىشماق.
بىر كۆرۈشكە خۇدا نېسىپ قىلارمۇ؟
غەمگۇزارىم، دىل مازارىم قايدىسەن؟

ھەسىنەم يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە گۈلپەرىنى كۆرۈپتۇ. گۈلپەرى ئۇنىڭغا بىر دەستە قىزىل ـ گۈلنى تۇتۇپ: «ئەي يىگىت، ئەتە ئاتامنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىسىز، لېكىن ئوردىغا كىرىشتىن بۇرۇن مەن بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىشنى ئۇنتۇماڭ» دەپ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ھەسىنەم ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ، لېكىن بېشىدا شاھانە تون ـ سەرپايىلەر تۇرۇپتۇ،

ئۆينىڭ ئىچى مەززىلىك پۇراققا تولۇپتۇ. ھەسىنەمنىڭ دىمىغىغا كىرگەن خۇش پۇراق ئۇنىڭ ئىشقى گۈلشەنىنى پاتپاراق قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى سۆزنى گۈلپەرىدىن ئىشىتىمىز:

گۈلپەرى يەڭ ئىچىگە خەنجەر يوشۇرغان ھالدا دادىسى شاھ بەرقۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزى پۈتۈلگەن خەتنى شاھقا سۇنۇپتۇ. شاھ خەتنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

«ھۆرمەتلىك شاھ دادا، مەن سىزنىڭ جانجىگىرىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئوردىغا مۇناپىقلىق، پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقى چېچىلدى. سىز مۇ خىيانەتكارلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، دۆلەتنى خاراب قىلماقچى بولدىڭىز. پۇقرالىرىڭىز قاتتىق زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋۇز ۋەزىرىڭىزنىڭ كەينىگە كىرىپ، مەن بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان تالاي يىگىتلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدىڭىز. شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيسىز، تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ئۇۋالىغا قالىسىز. ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا كەلسەم، مەن ئۆزۈم بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغان يىگىتنى ئاللىقاچان تېپىپ قويغانمەن. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ياخشىلىقچە مېنى شۇ يىگىتكە بەرسىڭىز».

بۇ خەتنى ئوقۇپ پادىشاھ دىر ـ دىر تىترەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئىغىز ئاچقۇچە، گۈلپەرى خەنجەرنى قولىغا



ئاپتۇ ـ دە:
ـ قېنى، ئېيتىڭ،
پەرمانىڭىزنى ئۆزگەرتەمـ
سىز، يوق؟ مېنىڭ دېگەـ
نىمگە كۆنەمسىز، يوق؟
ئەگەر دۆلەتنى ئوڭشىمدـ
سىڭىز، مېنى ئاشۇ يەـ
گىتكە بەرمىسىڭىز، شۇ
تاپتا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋاـ
لىمەن، ـ دەپتۇ.
پادىشاھ ئىلاجسىز
گۈلپەرىنىڭ تەلىپىگە كۆنۈپتۇ، يىگىت بىلەن سۆزلەشـ
مەكچى بوپتۇ.

ھەسەنئەم سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ بويىنى سۇغا سالـ
غاندىن كېيىن ناماز ئوقۇپتۇ، ئاندىن يېڭى توننى كىـ
يىپ، مەلىكە گۈلپەرىنىڭ يېنىغا راۋان بوپتۇ. ھەسەنئەم
يېتىپ كەلگەندە، گۈلپەرى ئۆزىنى ياساپ ـ جابدۇپ تۈـ
زەشتۈرۈۋاتقانىكەن. گۈلپەرى خۇش تەبەسسۇم بىلەن ھەـ
سەنئەمنى قارشى ئاپتۇ ۋە ئالدىغا خىلمۇخىل نېمەتلەر
كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن شۇنداق دەپتۇ:

ـ سىز بۈگۈن دادامنىڭ قېشىغا بارسىز، دادام نېمە
دېسە، ياق دېمىگەيسىز، ئالدىدا ئىززەت ـ ئىكرامنى ساقـ
لىغايسىز، قايتقىنىڭىزدا يېنىمغا كىرىپ ئۆتكەيسىز، ـ

دەپتۇ.

ھەسىنەم ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن شاھقا سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— سەن ئۈچ كۈندىن كېيىن قېشىمغا كىرىسەن، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، — دەپتۇ. ھەسىنەم ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئورنىدىن يېنىپ چىقىپتۇ.

ھەسىنەم ئەھۋالنى گۈلپەرىگە ئېيتىپ قويۇپ، يەنە ئاۋۋالقى باغدا سەيلە - تاماشا قىلىپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۈچ كۈن توشقاندا، ھەسىنەم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، ئۇنى تولۇق ئورۇندىساڭ، قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، ئورۇندىيالمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن. بىرىنچى شەرتىم شۇكى، مۇشۇ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر يېزا پەيدا قىلىسەن. بۇ يېزا شۇنداق گۈزەل بولسۇنكى، ئېتىزلاردا بوغداي پىشىپ، ئورۇلۇپ، ئۇن تارتىلىۋاتقان، ئېتىز - ئېرىقلار يورۇشلەشتۈرۈلگەن مەنزىرە ئايان بولسۇن. سەن ئۆزۈڭ بەرپا قىلغان يېزاڭدا پىشقان بۇغدايىڭ ئۇنىدا خېمىر يوغۇرۇپ، تونۇرغا گىردە ياقىسەن. مەن تۆتىنچى كۈنى سەھەردە بېرىپ شۇ تونۇرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز قولۇڭ بىلەن قومۇرغان گىردە بىلەن ناشتا قىلىپ يانىمەن، — دەپتۇ.

— چوقۇم ئورۇندايمەن، — دەپتۇ ھەسىنەم.

ھەسىنەم پادشاھنىڭ دېگەنلىرىنى گۈلپەرىگە ئېيتقا-

نىكەن، گۈلپەرى:

— سىز نېمە دېدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ئورۇندايمەن، دېدىم، — دەپتۇ ھەسىنەم.

— سىز مۇشۇ ماڭغانچە مېڭىپ بىر تۈزلەڭگە بېرىپ، خالىغان يېرىڭىزدە ئۇخلاڭ. ئەتە سەھەر ئورنىڭىزدىن تۇر-سىڭىز، دادامنىڭ دېگەنلىرىدىن نىشانە بولىدۇ. شۇنى ئې-سىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، تونۇردىن ناننى قومۇ-رۇشتا ئېچىڭىزدە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قو-لى» دېيىشنى ئۇنتۇماڭ، — دەپتۇ ۋە ھەسىنەمگە ئاقىيول تىلەپتۇ.

ھەسىنەم شەھەردىن چىقىپ خۇشال يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. كەچ كىرىپ، گۇگۇم پەردىسىنى يېپىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھەسىنەم ئۇ چەت - بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بىر تۈزلەڭگە كەپتۇ. ئۇ قورساقنى توقلاپ ئۇخلاپتۇ.

ھەسىنەم ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، گۈزەل ۋە كۆركەم يېزا نامايان بوپتۇ. كۈن نۇرى گۈزەل يېزا قوينىدىكى بىپايان بۇغدايزار دالىنى نۇرغا پۈركەپ تۇرغۇدەك. بۇغدايزارلىق دالىدا قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقۇدەك، بۇغدايلار بىر تەرەپتىن ئورۇلۇپ، بىر تەرەپتىن تېپىلىپ، دانلىرى ئايرىلىپ ئۇن بولۇپ چىقىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن ھەسىنەم ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئۇ ھوشىنى يىغىپ ئوڭ تەرەپكە قارىغۇدەك بولسا،

تونۇردا گىردە نانلار پىشتۇۋېتىپتۇ. پادىشاھ تونۇر بېشىدا ھەسەنگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

— سالام، پادىشاھ ئالىيلىرى! — دەپتۇ ھەسەنھەم قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— ئەي يىگىت، ناشتىلىقىمنى بەر، — دەپتۇ پادىشاھ. ھەسەنھەم ئىككىلەنمەيلا تونۇرنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ، دە، ئىچىدە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دەپ گىردىنى قومۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەسەنگە:

— مېنىڭ قەسرىمگە بارغايسەن، — دەپتۇ، دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ كۆزىنى يۇمغاندىكەن، ئۆزىنى گۈلپەرىنىڭ ھوزۇرىدا كۆرۈپتۇ.

ھەسەنھەم ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىككىنچى شەرتنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— بۇ يەردىن بەش كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر تاغ پەيدا قىلىسەن، تاغ شۇنچىلىك گۈزەل بولسۇنكى، ئەقلىمدا بۇنداق تاغ كۆرۈلمىگەن بولسۇن. تاغنىڭ ئاستىدىن چوڭ بىر ئۆستەڭ سۇ ئاقسۇن، ئۇ تۇزلەڭگە چىققاندا ئىككىگە ئايرىلسۇن، بىرىدە قىزىل، بىرىدە يېشىل سۇ ئاقسۇن. مەن بارغاندىن كېيىن، قىزىل سۇدىن قىزىل بېلىق، يېشىل سۇدىن يېشىل بېلىق تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ بېرىسەن.

ھەسەنھەم ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپ، گۈلپەرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. گۈلپەرى ئۇنىڭغا:

— سىز ھازىر سەيلە ـ تاماشىيىڭىزنى قىلىپ يۈرۈۋېرىڭ، ئاخىرقى كۈنى يولغا چىقىپ ھارغان يېرىڭىزدە يېتىپ ئۇخلاڭ. ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، دادامنىڭ ئىككىنچى شەرتىدىن بېشارەت بولىدۇ. دادام كەلگەندە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دەپ قىزىل سۇدىن قىزىل بېلىق، يېشىل سۇدىن يېشىل بېلىق ئالىسىز ـ دە، ئالدىڭىزدا كۆيۈۋاتقان گۈلخاندا كاۋاپ قىلىسىز، — دەپتۇ.

ھەسەنەم تۆت كۈن راسا ئويناپ تاماشا قىپتۇ، بەشىنچى كۈنى سەھەر يولغا چىقىپتۇ. بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر چۆلگە كىرىپتۇ. ئۇ شۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ، قورساق توقلاپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىگىنى قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان ھەرە چىشلىق ئېگىز تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك. تاغ ئاستىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ، تۇزلەڭگە چىققاندا ئىككىگە ئايرىلىپ، بىرىدە قىزىل سۇ، بىرىدە يېشىل سۇ ئېقىۋاتقۇدەك. ھەسەنەم ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ تۇرۇشىغا، ئالدىدا پادىشاھ ھازىر بوپتۇ. ھەسەنەم شۇ ھامان گۈلپەرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قولىنى قىزىل سۇغا تىقىپ قىزىل بېلىق، يېشىل سۇغا تىقىپ يېشىل بېلىق ئاپتۇ ۋە ئۇنى ئالدىدا كۆيۈۋاتقان گۈلخاندا كاۋاپ قىپتۇ. ئاندىن كاۋاپنى: «بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دەپ پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ھۇزۇرلىنىپ

يەپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ:

— يىگىت، ئەتە ئالدىمغا بارغايسەن، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەتىسى ھەسەنەم پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پادىشاھىئالەم، قېنى، قانداق شەرتلىرى بار؟ — دەپتۇ. پادىشاھ ئۈچىنچى شەرتىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر شەھەر ئاپىرىدە قىلىنسەن. ئۇردا شۇنداق ھەشەمەتلىك بولسۇنكى، تاملىرى كۈمۈشتىن بولسۇن، ئۇنىڭدىكى ئۆيلەر بىر - بىرىگە ئوخشاشمىغان ھالدا بېزەلسۇن. ھەيۋىتى ئالەمدە تەڭداشسىز بولسۇن. شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر چارباغ بولسۇن. ئۇنىڭدا قىرىق غۇلام ئىشلەيدىغان بولسۇن. مېۋىلەرنىڭ خىللىرى جەننەتتىمۇ ھەم بولمىغان بولسۇن. يەتتىمىش ئىككى خىل مېۋە تەڭ پىشقان بولسۇن. مەن بارغاندىن كېيىن ھەر خىل مېۋىدىن ئىككى تالدىن ئېلىپ كېلىسەن، ئۇنىڭغا ئېغىز تېگىمەن، — دەپتۇ.

ھەسەنەم گۈلپەرىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. گۈلپەرى ئۇنىڭغا:

— سىز بەش كۈن سەيلە - تاماشا قىلىسىز. ئالتىنچى كۈنى سەھەر يولغا چىقىپ خالىغان يېرىڭىزدە قونىسىز. ئەتىسى سەھەر ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، دادامنىڭ شەرتىدىن نىشانە بولىدۇ. لېكىن، مېۋى-

نى ئېلىپ كىرگەندە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇماڭ، ــ دەپتۇ.

ھەسىنەم بەش كۈن سەيلە ـ تاماشا قىلىپ، ئالتىنچى كۈنى يولغا چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول مېڭىپ بىر دەريا ياقىـ سىغا بېرىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، قورساقنى توقلاپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، پادىشاھنىڭ دېگىنىدىنمۇ ھەشەـ مەتلىك بىر شەھەر پەيدا بولۇپ، بىر دەريا شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقۇدەك. ھەشەمەتلىك ئوردا ئاسمانغا بوي سوزغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاملىرى قۇياش نۇـ رىدا تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھەسىنەم شەھەرنى ئايلىنىپ چارـ باغقا كىرگەنىكەن، يەتمىش ئىككى خىل مېۋە تەك پىشىپ مەي باغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىنى سىغدۇرالماي تۇرۇشىغا، پادىشاھ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ ۋە:

ــ قېنى يىگىت، مېۋە ـ چېۋىلىرىڭنى ئەكەل، ــ دەپتۇ.

ھەسىنەم: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دېگىنىچە مېۋىلەرنى ئۈزۈپ، ئالتۇن تەخسە بىلەن شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ ھۇزۇرلىنىپ يەپتۇ. ئاندىن:

ــ ئەتە ئوردىغا بېرىشنى ئۇنتۇما، ــ دەپتۇ ـ دە، غايىب بوپتۇ.

ھەسىنەمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن ياىراپتۇ ۋە كۆزىنى يۇمغانىكەن، ئۆزىنى گۈلپەرىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆرۈپتۇ. گۈلـ پەرى ئۇنى ھەر خىل ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان

قىلغاندىن كېيىن:

— ئەتە دادامنىڭ يېنىغا بارسىڭىز، ئاگاھ بولۇڭكى، دادام سىزگە: «ساڭا نېمە لازىم؟» دېسە، سىز: «ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەڭ، «نېمە تىلىكىڭ بار؟» دېسە، «مالال كەلمىسە، قىزلىرىنى بەرسىلە» دەڭ، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەسەنئەم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، سەن مېنىڭ سىنىقىمدىن ئۆتتۈڭ، مەن سېنى رازى قىلاي. ئېيتقىنا، ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سورىغانىكەن، ھەسەنئەم:

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ.



— ئۇنداق بولسا، نېمە تىلىكىڭ بار؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— قىزلىرىنى بەرگەن بولسىلا، مۇرادىم ھاسىل بولاتتى، — دەپتۇ ھەسەنئەم.

پادىشاھ غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ، لېكىن باشتىكى ۋەدىسىدىن يانالماي، ئاخىر قىزىنى ھەسەنئەمگە قىرىق كېچە -

كۇندۇز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، گۈلپەرى بىلەن ھەسەنەم بىر ئوغۇل، بىر قىزغا ئاتا ـ ئانا بوپتۇ. بارات كېتىپ، روزا كەپتۇ، روزا ئۆتۈپ ھېيت ـ ئايەملەر كېلىپ قاپتۇ. پەتىلەر باشلىنىپتۇ. گۈلپەرى ھەسەنەم بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا پەتىگە بارماقچى بولۇپ جابدۇنۇپتۇ. ئۇلار شاھنىڭ قەسرىگە كىرگەندە، ئۆي ئىچىدىن مۇنداق گەپنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

ـــ شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئادىل ۋە دانا، شەھىرىمىزنىڭ ھەربىر پۇقراسى ئۆزلىرىدەك باشپاناھى بولغىنى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇگۈنكى كۈندە قىزلىرىنى بىر جادۇگەرگە بېرىپ قويدىلا. ئۆزلىرىدىكى ئىلىم ـ ھېكمەتنى ھېچكىم بىلمەس ئىدى، بىراق ئۇ نائەھلى بىدىلىنىۋالدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۆزلىرى ھوشيار بولۇشلىرى لازىمكى، ئۇنى ئوردىغا يولاتمىسىلا، بىخەستەلىك قىلساق شەھەرنى خاراب قىلىدۇ.

ـــ ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

ـــ مېنىڭچە، مەلىكىنى قەسرىگە چاقىرتىۋېلىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ نائەھلىنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك.

ـــ بولىدۇ، بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ!

گۈلپەرى ۋە ھەسەنەم دەرھال ئۆيگە قايتىپ، مەسلىھەت بويىچە ھەسەنەمنىڭ شەھىرىگە كەتمەكچى بوپتۇ ۋە جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ، بەقۇۋۋەت، ئەمما

يەڭگىل يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ تەخ قىپتۇ. مەلىكە ئۆزى-نىڭ ئاۋازىنى ئەپسۇن بىلەن ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئىشىكنى تاقاپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ ئە-ۋەتكەن نۆكەر گۈلپەرى ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەلىكەم، — دەپ چاقىرىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن:

— ھە، مانا مەن، — دېگەن سادا كەپتۇ.

— ئۆزلىرىنى چاقىرغىلى كەلدۇق، — دەپتۇ نۆكەر.

— مانا ھازىر، كىيىم يەڭگۈشلىۋالاي، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ ئۆي ئىچىدىن.

ئەلچى ئۇزۇن ساقلاپ تۇرۇپتۇ، لېكىن مەلىكە چىقـ-ماپتۇ. ئاخىر نۆكەر يەنە توۋلاپتۇ:

— مەلىكەم!

— مانا مەن، شاھ دادامغا داستىخان قىلىۋالاي، تە-خىر قىلىڭ!

نۆكەر يەنە ساقلاپتۇ. ئاخىر كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈ-شۈپتۇ، لېكىن مەلىكىدىن نىشان بولماپتۇ. نۆكەر ئاچچىقى بىلەن توۋلىغانىكەن، ئۆي ئىچىدىن:

— كەتتى، — دېگەن سادا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىك-نى ئېچىپ كىرسە، ھېچكىم يوق. پادىشاھقا خەۋەر قىلغا-نىكەن، پادىشاھ ئارقىسىدىن قوغلاشقا پەرمان بېرىپتۇ. بىرقانچە لەشكەر قارا قۇش سۈرىتىگە كىرىپ ئۇچۇپتۇ.

گۈلپەرى قارلىغاچ بولۇپ ھەسنەم ۋە ئىككى بالىسى-نى يۈدۈپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، ئاسمان قەرىدە ئۇچۇپ

كېلىۋاتقان قارا قۇشلارنى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇ هامان ھەسەد-نەمنى بىر توپ قۇرۇق دەرەخ، باللىرىنى ئۇنىڭ ئىككى شېخى قىلىپ قويۇپ، ئۆزى قاقشال دەرەخكە قونۇپ ئولا-تۇرۇپتۇ.

قارا قۇشلار ئاسمان قەرىدىن تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، ئۇلار-نىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ ئاسمانغا ئۆرلەپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئۈس-تىدىن ئۆتۈپ، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قاپتۇ. گۈلپەرى ھەسىنەم ۋە ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايمىز:

قارا قۇشلار تەرلەپ ـ پىشىپ ئوردىغا كىرىپ، پادى-شاھقا:

ــ جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندۇق، ئۇلارنىڭ قا-رىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ يول ئۈستىدە بىرەر نىشانە كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ــ دەپتۇ شاھ بەرقۇت غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

ــ كۆردۇق، بىر قۇرۇپ قالغان قاقشال دەرەخنى كۆردۇق، ــ دەپتۇ قۇشلار.

ــ ھەببەللى! ــ دەپتۇ شاھ بەرقۇت، ــ ئەنە شۇ قاقشال دەرەخ ئۇنىڭ ئېرى، شاخلىرى ئۇنىڭ ئىككى بالد-سى، يەنە نېمە كۆرۈشتۇڭ؟

ــ قاقشال دەرەخ ئۈستىدە بىر قارلىغاچ ئولتۇرۇپ-تۇ، ــ دەپتۇ قۇشلار.

— جاللات ! — دەپتۇ پادىشاھ، — قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن بۇ نان قېپىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن !

قارا قۇشلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، پادىشاھ قاۋۇل، يارامىلىق ئەزىمەتلەردىن بىرقانچىسىنى تاللاپ گۈلپەرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتىپتۇ.

گۈلپەرىلەر شۇ ماڭغانچە قىرىق كۈن يول يۈرۈپ بىر يۇرتقا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇ يەردە بىرئاز دېمىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قارا قۇشلارنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ھەسىنەم بىلەن ئىككى بالىسىنى بىر ئەسكى تاملىققا ئەكىرىپ، ھەسىنەمنى ئەسكى تامغا، ئىككى بالىسىنى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ چىققان پور كۆتەككە ئايلاندۇرۇپتۇ- دە، ئۆزى بىر خىشقا ئايلىنىۋاپتۇ.

قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ ھېلىقى ئەسكى تامغا قونۇپتۇ. بىرپەستىن كېيىن ھاۋاغا ئۆرلەپ، خېلى ئۇزاق چۆرگىلەپتۇ- دە، تاپالماي كېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئاپتۇ ۋە ھەسرەت- نادامەت بىلەن لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، گۈلپەرى بىلەن ھەسىنەم ئۆز شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ھەسىنەمنىڭ ئىككى ئېغىزلىق كەپىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

— ھەسىنەم، — دەپتۇ گۈلپەرى، — ئۆيىڭىزدە سىز كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان بىر سىڭلىڭىز بار. ئۇ سىزنى

سۆيمەن دەپ كېلىدۇ، ئۇنى سۆيگۈزمەي تۇرۇپ بىر كاچات ئۇرىسىز، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — دەپتۇ ھەسىنەم، لېكىن بۇ ئىشنىڭ تېگىدە نېمە سىر بارلىقىنى چۈشىنەلمەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئۆيگە كىرىڭ، — دەپتۇ گۈل-پەرى ۋە ئۆزى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ھەسىنەم ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مەھمۇد بىلەن ھاۋاخان چەكسىز خۇشال بولۇپ، ھال-ئەھۋال سورىغۇچە، ئىچكەركى ئۆيدىن بىر قىز چىقىپ: «ھارماڭ، ئاكا!» دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى بىرنى سۆ-يۈۋاپتۇ. شۇ ھامان ھەسىنەم گاچا بولۇپ تىلىدىن قاپتۇ ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپ، تىلىنى ساڭگىلاتقان پېتى گۈلپەرىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپتۇ.

گۈلپەرى بۇنى كۆرۈپ قىلغان ئەقىدىسىگە يىغلاپتۇ ۋە: «ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ» دەپتۇ - دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپتۇ.

گۈلپەرى ھەسىنەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھەسرەت ۋە يىغا بىلەن يول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنلۈك يولنى بېسىپ بىر جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە بىر بۇلاق تۈۋىنى پىنھان تۇتۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ قان - ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ، ئۆزىگە ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇرۇپ ئون تۆت ياشلىق بىر ساھىبجامال قىزغا ئايلىنىپتۇ.

كۆنلەردىن بىر كۈنى توختى دېگەن بىر ئوتۇنچى جاڭگالدىن ئوتۇن يۈدۈپ كېلىۋېتىپ، چەشمە بۇلاق تۈۋىدە يۈت ـ قولىنى يۇيۇپ ئولتۇرغان گۈلپەرىنى كۆرۈپ قاپ ـ تۇ. ئۇ دەسلەپ، ئالۋاستىمىكىن دەپ قورقۇپتۇ، كېيىن، ھەرنېمە بولسا، بىر گەپ سوراپ باقاي، دەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. توختى ئوتۇنچى گەپ سورىغۇچە، گۈلپەرى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئەسسالام، دادا! — دەپتۇ ۋە بوۋاينىڭ ئوتۇنلىرى ـ نى يەرگە قويۇشىغا ياردەملىشىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپتۇ بوۋاي ۋە گۈلپەرى ـ نىڭ بۇ ئالىيجاناب، يېقىملىق مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. توختى ئوتۇنچىنىڭ بۇرۇنقى قورقۇنچىسى يوقاپ، قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىگە تەبەسسۇم پەيدا بوپتۇ.

— قىزىم، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپتۇ بوۋاي كۆڭۈل توختىتىپ.

— بىر مۇساپىر، غېرىبمەن، بارار جايىم يوق، — دەپتۇ گۈلپەرى.

توختى ئوتۇنچىنىڭ ئائىلىسىدە موميىدىن باشقا بىر ـ مۇ ئادىمى يوق بولۇپ، پەرزەنت ئىشقىدا كۆڭلى بىئارام، يۈرىكى كاۋاپ ئىكەن. ئۇ خۇدا بەرگەن قىزنى بالا قىلى ـ لىۋالماقچى بولۇپ، گۈلپەرىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

توختى ئوتۇنچىنىڭ موميى قىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان ئەكىلىپ دېسە،

يەيدىغان نەرسىسى بولمىغاچقا تولىمۇ خىجىل بوپتۇ. بۇنى سەزگەن قىز:

— ئانا، دادامنىڭ قورسىقى ئاچقاندۇ، داستىخىنىنىڭ ئىچىنى ئاچقىنىڭ، — دەپتۇ ۋە ئىچىدە ئەپسۇن ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. موماي توختى ئوتۇنچى بازارغا بارسا، يېيىشكە ئۇچۇن ساقلاپ قويغان بىر كۆمەچ بار ئىكەن. موماي ئۇنى داستىخانغا يۆگەپ، قورۇنۇپ، ئاران ئاچقىپتۇ. گۈلپەرى مومىينىڭ قولىدىن داستىخاننى ئېلىپ ئاچقانىكەن، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ نازۇنېمەتلەر چىقىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي تولىمۇ ھەيران قاپتۇ ۋە نازۇنېمەتلەرنى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ.

توختى ئوتۇنچىنىڭ قورساقتىن ھېچقانداق غەم ـ ئەندىشىسى قالماپتۇ. ئۇ ئادەتتىكىدەك ئوتۇنچىلىقىنى قىلىۋېرىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى توختى ئوتۇنچى ئوتۇن سېتىش ئۈچۈن بازارغا بارماقچى بولغانىكەن، گۈلپەرى:

— دادا، سىز بازاردىن ئازراق يۇڭ ۋە ھەر خىل رەڭ ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئاخشىمى بازاردىن يۇڭ ۋە ھەر خىل رەڭ ئەكەپتۇ. گۈلپەرى مەخسۇس بىر ئۆي تەييارلاپ، دادىسىغا:

— مەن بۇ ئۆيدە گىلەم توقۇيمەن، سىلەر قېشىمغا كىرمەڭلار! — دەپ تاپىلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ گىلەم توقۇشقا كىرىشىپتۇ.



ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ
بىر بازار كۈنى، توختى ئو-
تۇنچى بازارغا بارماقچى بو-
لۇپ، قىز تۇرغان ئۆينىڭ
ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. گۈلپەرى
چىقىپتۇ ۋە:

— گەپ - سۆزىڭىز
بارمىدى، دادا؟ — دەپتۇ ۋە
بوۋاينىڭ بازارغا جابدۇنغان-
لىقىنى كۆرۈپ ئۆيگە كى-
رىپتۇ - دە، بىر پارچە گىلەمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— بۇنى يۈز تىللاغا ساتىسىز، يېنىشىڭىزدا يەنە يۈك،
ھەر خىل رەڭ ئەكېلىسىز، — دەپتۇ. بوۋاي قىزنىڭ دې-
گىنىدەك ئۇنى يۈز تىللاغا سېتىپ، لازىملىقلارنى ئېلىپ
قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، توختى ئوتۇنچىنىڭ ھال -
ئوقىتى ياخشىلىنىپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپ-
تۇ. توختى ئوتۇنچى «توختى باي» بولۇپ، پۈتۈن يۇرتقا تو-
نۇلۇپتۇ. توختى باي كاتتا ئىمارەتلەر ساپتۇ. گۈلپەرى بۇ
ئۆيلەرنى ئاجايىپ چىرايلىق ياساپ، توختى باي ۋە مومايىنى
خۇشال قىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ھەسىنەمدىن ئاڭلايمىز:
ھەسىنەمنىڭ ھال - كۈنى كۈندىن - كۈنگە يامانلى-

شىپتۇ، تىلى سۆزدىن قالغان بولسىمۇ، ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن ھەسرەت جامىغا پىغان شارابىنى قۇيۇپ، مەست بولۇپ يۇرۇپتۇ. كۆز چەشمىسىدىكى ئۇنچىلەردىن دەريا ھاسىل قىلىپ، نادامەت چاقمىقى بىلەن ۋىسال يولىنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

ھەسىنەمنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن مەھمۇد بىلەن ھاۋاخانىنىڭ تازا بېشى قېتىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، مەھمۇد بىر باينىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان، ھاۋاخان ئۇ باينىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيىدىغانغا يۇتۇشۇپتۇ. باي ئالدىن ئاز ـ تولا ھەقمۇ بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ ئازغىنا دەرەم بىلەن ھەسىنەمنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالغانىكەن، ھەسىنەم قوشۇلماپتۇ ۋە يىغلاپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان بوپتۇ. دەل شۇ كۇنلەردە توختى باينىڭ داڭقى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇنىڭ ساھىبجامال قىزى گۇلپەرىنىڭ تەرىپى تىللاردا داستان بوپتۇ. ھەسىنەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى توختى باينىڭ قىزىغا خېلىلا قىزىقىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالماپتۇ. لېكىن، ئاخىر ھەسەنەمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي تەۋەككۇل دەرياسىغا كېمىسىنى سېپتۇ. مەھمۇد ئۆيىنى بىر يىللىق رەنىگە قويۇپتۇدە، ئۇنىڭ پۇلىنى يانچۇققا سېپتۇ ۋە قورقماي، يۇرىكىنى توم قىلىپ توختى باينىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. توختى

باي:

— قىزىمدىن سوراپ باقاي، — دەپتۇ. ئۇ گۈلپەرىدىن سورىغانىكەن، گۈلپەرى:

— دادىسى ئوغلىنى ئەكەلسۇن، — دەپتۇ. ئەلچى خەۋەرنى مەھمۇدقا ئېيتقانىكەن، ئۇ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە ھەسەنەمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ياساپ - جابدۇپ، توختى بايىنىڭ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. ھەسەنەم گۈلپەرىنى كۆرۈپ تونۇپتۇ، قىزمۇ كۆرۈپ تونۇپتۇ، لېكىن چاندۇرماي ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئاخىردا گۈلپەرى ھەسەنەمنىڭ دادىسىغا:

— توي كۈنى، قىز يۆتكەشتىن بۇرۇن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلىشى، ئۇنىڭغا بىر تۆمۈر زىخ سېلىپ قويۇلۇشى لازىم. ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، گۈلخان ئۆچۈپ قالمىسۇن، — دەپتۇ.

توي باشلىنىپتۇ، ھەممە ئىش گۈلپەرىنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ. قىز يۆتكىگۈچىلەر مەھمۇدنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، گۈلپەرى يانچۇقىدىن بىر سىقىم تىللانى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چېچىپتۇ. قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى تىللا تېرىش بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن گۈلپەرى ھويلىغا كىرىپتۇ - دە، قىپقىزىل چوغقا ئايلانغان زىخنى قولىغا ئېلىپ، ئۆي ئىچىدىن: «ھارماڭ، خان ئاچا!» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقان ھەسەنەمنىڭ سىڭلىسىنىڭ يۈرىكىگە تىقىپتۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، گۈلپەرى بىر كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ھاۋانىڭ قەرىگە

ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مەھمۇد، ھاۋاخانلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپ-تۇ. باشقىلارمۇ بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ قېتىپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كۆك قەرىدىن ھېلىقى كۆك كەپتەر بىر قىزنى ھاپاش قىلغان پېتى تۆۋەنلەپ ھويلىغا چۈشۈپتۇ، بىر سىلكىنىپ گۈلپەرىگە ئايلىنىپتۇ ـ دە، ھەسىنەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بېرىپتۇ، ئاندىن ھېلىقى قىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ:

ــ دادا، ئانا، بۇ سىلىنىڭ ئۆز قىزلىرى. ئۆزلىرى تۇغقان كۈنى تىزناپ دەرياسى بويىدىكى چىشى ئالۋاستىمۇ تۇغقان. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز قىزىنى سىلىگە قالدۇرۇپ، بۇ قىزنى ئەپقاچقان. مەن زىخ سانجىپ ئۆلتۈرگەن ئۇنىڭ قىزى. مەن بايا ھېچنېمىگە قارىماي بېرىپ ئانا ئالۋاستى-نى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئالىمىدىن بىر نىجاسەتنى، ئەلنىڭ دۈشمىنىنى يوقاتتىم، ــ دەپتۇ.

مەھمۇد ۋە ھاۋاخانلار قىزنى سۆيۈپ يىغلاپ كېتىپ-تۇ. ئەھلى ـ جامائەت بولسا، گۈلپەرىنىڭ ئاجايىپ باتۇر-لۇقىغا، ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. قىز بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆرگەنىكەن، ھەسىنەم ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ئائىلىدە يېڭىۋاشتىن توي بوپتۇ.

«بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ھۆۋەي باتۇر

بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ زامانلار ئىلگىرى بىر يېزا بولغانىكەن. بىر كۈنى بۇ يېزىدا چوڭ ئويۇن ـ تاماشا بوپتۇ، يېزىنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بارلىق ئاھالىسى راسا تاماشا قىلىپ ھارغاندىن كېيىن كېچىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يېزىغا باسقۇنچىلار باستۇرۇپ كىرىپتۇ ـ دە، بارلىق ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىپتۇ. «ياۋ تەگدى! ياۋ تەگدى!» دېگەن قىيقاس ـ چۇقان بىلەن كۆتۈرۈلگەن كىشىلەر ياۋغا قارشى ئاتلىنىپ چىقايلى دەپ قارىسا، يېزىدا ھېچكىمدە ئات قالمىغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار باسقۇنچىلارنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، قىيقاس ـ چۇقانلار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى پۈتۈن يېزا ئاھالىسى بىر جايغا توپلىنىپ، باسقۇنچىلاردىن ئاتلارنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ياشلارنىڭ ئارىسىدىن ھۆۋەي دېگەن بىر يىگىت:

ــ ئەگەر جامائەت لايىق كۆرسە، باسقۇنچىلارنىڭ كەي-

نىدىن بىر ياشلار قوغلاپ بارايلى، بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مانا مەن تەييار. قېنى يىگىتلەر، مېنىڭ بىلەن يەنە كىم-لەر بارىدۇ؟ — دەپتۇ.

كۈچ - قۇۋۋىتى ئېشىپ، باسقۇنچىلارغا غەزىپى قايناپ تۇرغان ياش يىگىتلەر: «مەنمۇ بارىمەن، مەنمۇ بارىمەن!» دەپ كەينى - كەينىدىن ئۆز خاھىشلىرىنى ئىزھار قىپتۇ-دە، شۇ زامات بەزىلەر قىلىچ، بەزىلەر ئوقيا، بەزىلەر پالتا ۋە تاياق - توقماقلار بىلەن قوراللىنىپتۇ، بىرنەچچە كۈن-لۈك ئوزۇق ئاپتۇ ۋە باسقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرىمى چىدىماستىن: «ئۈچ كۈندىن بېرى باسقۇنچىلار با-رىدىغان يېرىگىمۇ يېرىپ بولغاندۇ، بىز پىيادە ئۇلارغا قانداقمۇ يېتىشەلەيمىز؟! قويۇڭلار، شۇنچىۋالا قىلىپ بىزگە نېمە ئالۋان ئىدى!» دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. قالغان يېرىمى يولنى داۋام قىپتۇ، يولدا ئۇچرىغان جەرەن ۋە باشقا ئوۋ هايۋانلىرىنى ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ يەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئېگىز بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇ تاغقا كەلگەندە، باسقۇنچىلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار: «ئاۋۋال بىرەرنەرسە ئوۋلاپ قورساقنى تويغۇ-زۇۋالايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىشىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت قىلارمىز» دەپ، ئۇياق - بۇياققا قارىسا، بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە بىر كېيىك ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. ھەۋەي قارىغا ئېلىپ بىر ئاتقانىكەن، ھېلىقى كېيىك دومىلاپ

چۈشۈپتۇ. بۇلار چاقمىقنى چېقىپ ئوت يېقىپتۇ ـ دە، كېيىك گۆشىنى راسا كاۋاپ قىلىپ يەپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپتۇ ۋە بىرئاز دەم ئېلىپ يېتىپ ھاردۇقلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە باشلاپتۇ. بەزىلەر: «بۇنىڭ بۇ-ياقىغا ئىزسىز بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرلا قايتىپ كېتەيلى» دەپتۇ، بەزىلەر: «تەۋەككۇلگە شۇ تاغنى ياقىلاپ مېڭىۋېرەيلى، ھېچبولمىغاندا بىرەر ئادەم بار يەرگە چىقىپ قالارمىز» دەپتۇ. بۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھۆۋەي:

— بولمىسا مۇنداق قىلايلى: سىلەر مەشەدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ باقاي، ئەگەر تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرەر ئەل ـ يۇرت كۆرۈنگۈدەك بولسا، قالپىقىمنى ئوڭ قولۇمغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرىمەن، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ مېنىڭ يېنىمغا چىقىڭلار. ئەگەر ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگۈدەك بولسا، قالپىقىمنى سول قولۇمغا ئېلىپ سولغا ئايلاندۇرىمەن، ئۇ چاغدا سىلەر جايىڭلاردا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆزۈم قايتىپ چۈشىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن كېتىمىز، — دەپ تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئەڭ ئېگىز بىر چوققىغا چىقىپ قارىسا، تاغنىڭ ئۇ تەرىپى ئاجايىپ چىرايلىق، توپتوز چىمەنلىك ئىكەن. ئۇنىڭ بىر چېتىدە بىر يېزا بولۇپ، ئەتراپتا سان ـ



ساناقسىز يىلقىلار، كالىلار، قويلار ئوتلاپ يۈرگۈدەك. بۇنى كۆرگەن ھۆۋەي بېشىدىن قالپىقىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

تاغنىڭ ئېتىكىدە تۇرۇپ، ھۆۋەينىڭ ھەربىر ھەركە- تىنى كۆزىتىپ كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئالتە دوستى ئۇنىڭ قالپىقىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرۇۋات- قانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپتۇ ۋە شۇ زامات ھۆۋەينىڭ ئالدىغا يېتىپ چىقىپتۇ، ئۇ يەردىن توپتوغرا ھېلىقى يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ، يېزىدىكى بىر تۇل موماي- نىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپ- تۇ، بۇ مومايدىن سوراشتۇرۇپ بىلسە، بۇ يېزا بىر چوڭ بايغا قاراشلىق بولۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى شۇ باينىڭ قۇل ۋە چاكارلىرى ئىكەن. ئەتراپتا يەرنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي ئوتلاپ يۈرگەن سان - ساناقسىز ماللارمۇ شۇ باينىڭ بولۇپ، قۇل ۋە چاكارلىرىنىڭ ماڭلاي تەرى بىلەن توپلىغانىكەن. ئۇنى ئاز دەپ، ئۆزىنىڭ ئاتارمەن - چاپار-

مەنلىرىنى يىراق يېزىلارغا ئەۋەتىپ، ھىمايىسىز ئاھالىنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ - تالىتىپ كېلىدىكەن. ھۆۋەي باتۇرنىڭ يېزىسىنىڭ مىلىنىمۇ ئەنە شۇ باي ئۆزىنىڭ چاپارمەنلىرى ئارقىلىق بۇلاپ ئەكەلگەنىكەن.

بىر كۈنى ھۆۋەي ئەتراپنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر بۇلاق بويىدا گۈل تېرىپ يۈرگەن چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستاغىنا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ گۈل تېرىشكە باشلاپتۇ، تەرگەن گۈللىرىنى قىزغا تەقدىم قىپتۇ ۋە ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپلىشىپ ئىككىسى تونۇشۇپتۇ. ھۆۋەيمۇ چىرايلىق يىگىت ئىكەن، قىزمۇ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بۇ ھېلىقى باينىڭ قىزى ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى بىرنەچچە كۈن خالىيدا تېپىشىپ يۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى ھەر جۈمە كۈنى ئۇۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن تاغقا كېتىدىكەن، كەچقۇرۇنلۇقى ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندىن كېيىن مەي - شارابلارنى ئىچىشىپ ئۇزاق تاماشا قىلىپ ئولتۇرىدىكەن - دە، كېيىن قاتتىق ئۇخلاپ قالىدىكەن. قىز ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆۋەي بىلەن قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كېلىپ باي ئوۋغا چىقىپتۇ، كەچقۇرۇنلۇقى ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپتۇ ۋە كۆپ ئىچىپ مەست بول-
پەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە كۆپ ئىچىپ مەست بول-

غاندىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتقان ھۆۋەي قىزنىڭ ئىشارىسى بويىچە، ۋاقتىنىڭ يەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ، يولداشلىرى بىلەن يىلقىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئەڭ ياخشى سەككىز ئاتنى تۇتۇپ ئېگەرلەپتۇ، ئالتە ئاتقا ئالتە يولدىشىنى مىندۈرۈپ، ناھايىتى كۆپ ئاتلارنى ھەيدىتىپ يولغا ساپتۇ ـ دە:

ــ سىلەر توختىماي مېڭىۋېرىڭلار، مەن قىزنى ئېلىپ ئارقاڭلاردىن كۆزىتىپ ماڭىمەن، چۈنكى ئۇلار كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن، ــ دەپ، ئۆزى بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ قىزنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

قىز بىر بېشى لىققىدە كىيىم ـ كېچەك، بىر بېشى لىققىدە ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇلغان خۇرجۇننى ئاتقا ئارتىپتۇ ـ دە، ئاندىن ئىككىسى يولغا راۋان بوپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە ــ يىراق بىر يەردە قاپقارا چاڭ تۇزۇتۇپ كېتىپ بارغان ئاتلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ:

ــ ئاۋۇ ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ قىز.

ــ بىر ياققا كېتىپ بارغان كارۋان بولسا كېرەك، ــ دەپ قويۇپتۇ ھۆۋەي، چۈنكى قىز بۇلارنى باسقۇنچىلار ئىدىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دەپ، يولداشلىرىنىڭ بارلىقى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا قىزغا ئېيتماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، شۇلارغا يېتىشىۋېلىپ بىللە ماڭساق بولىدىكەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭساق ياخشى بولاتتى، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاتىڭىزنىڭ تونۇشلىرى بولۇپ قېلىپ، سىزنى تونۇپ قالسا، قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ھۆۋەي.

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىسىنى كۆرۈپ ماڭغىنىمىز ياخشىكەن، — دەپتۇ قىز.

ئىككىسى ئالدىدىكى ئاتلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن: «بىر ئاز دەم ئېلىۋالايلى» دەپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز بۇ جاينىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋەس قىلىپ قاراۋېتىپ، ئارقا تەرەپتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزاننى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ھۆۋەيگە:

— ئاۋۇ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان چاڭ - توزاننى قاراڭا، ئېھتىمال ئاتامنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى قوغلاپ كېلىۋاتسا كېرەك. بولۇڭ، چاپسانراق قاچايلى! — دەپتۇ.

لېكىن، ھۆۋەي ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ، ئالدىدا كېتىپ بارغان ئاتلارنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ يولىنى شۇ يەردە توسۇپ زەربە بەرمەكچى بوپتۇ ۋە قىزنى ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۆزى بىر تاشنىڭ دالدىسىغا

كىرىپ يول توسۇپ يېتىپتۇ.

باي ئۆلگۈچە ئىچىپ مەست بولۇپ، قاتتىق ئۇخلاپ قالغان جۈمە ئاخشىمىنىڭ ئەتىسى ئېسىگە كەلگەندىن كې- يىن، قىزىنىڭ قاچقانلىقى ۋە نۇرغۇن ئاتلىرىنى بىرىنىڭ ھەيدەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ ئىز قوغلاپ چىققانىكەن. ئۇلار چاڭ ـ توپا توزۇتۇپ ماڭغىنىچە ھۆۋەي ماراپ ياتقان تاشقا يېقىن كەپتۇ. ھۆۋەي بىر ئاتقىلى تۇر- غانىكەن، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كېتىپتۇ، قالغانلىرى ئۆزلىرىنى تاشلارنىڭ دالدىلىرىغا ئېلىپ ئې- تىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇزاق ئېتىشقاندىن كېيىن باينىڭ ئا- دەملىرىدىن ئاخىر بەش ـ ئالتىلا كىشى قاپتۇ، باينىڭ ئۆزىمۇ ياربدار بوپتۇ. ئۆزىنىڭمۇ ھالاك بولۇشىغا كۆزى يەتكەن باي تەسلىم بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆۋەي ئۇ بايدىن ئىككىنچى بۇ تەرەپلەرگە ئاياغ باسماسلىقى، بۇنىڭ- دىن كېيىن ھېچكىمنىڭ مېلىنى بۇلىماسلىقى توغرىسىدا تىلخەت ئېلىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ، ئۆزى بولسا، يولغا چىقىپ قىزغا يېتىشىۋاپتۇ، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بې- رىپتۇ، كېيىن ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئالدىدا ئات ھەيدەپ كېتىپ بارغانلارغا يېتىشىپتۇ، شۇ چاغدىلا قىزغا ئۆز يولداشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ھەممە گەپنى ئېيتىپتۇ، يولداشلىرىغىمۇ يولدا بولغان قانلىق جەڭ توغرىسىدا سۆز- لەپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر ھەپتە يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەرسىز قايغۇرۇپ تۇرغان جامائەت ناھايىتى خۇشال بولۇپ قارشى ئاپتۇ.

ھۆۋەي باتۇر ئىلگىرى ئۆزلىرى ئالدۇرۇپ قويغان ئاتلىرىدىن نەچچە باراۋەر كۆپ ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى يېزىنىڭ بارلىق ئاھالىسىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ، ئۆزى چوڭ توي-مەركە قىلىپ ھېلىقى قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۆۋەي «باتۇر» دېگەن نامنى ئېلىپ، داڭقى پۈتۈن ئەتراپقا تارقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىنىڭ ئاھالىسى خاتىرجەم بولۇپ، بەختىيار ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغانىكەن.

# ئىبرەت

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئوغۇل قېرىپ موكچىيىپ كەتكەن دادىسىنى بېقىش ئېغىر كەلگەچكە دەرياغا تاشلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلى دادىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ دەرياغا تاشلاي دەپ تۇرغاندا، دادىسى:

— بالام، مېنى تاشلىماقچى بولساڭ، ئەنە ئاۋۇ... چوڭقۇر قايناملىغا تاشلىغىن، — دەپتۇ، — مەنمۇ بوۋاڭنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتكەنىدىم.

ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ: «مەن دادامنى خارلاپ دەرياغا تاشلىۋەتسەم، كەلگۈسىدە مېنىمۇ بالىلىرىم دەرياغا تاشلىۋەتسە، قانداق بولغىنى؟»

شۇنىڭ بىلەن ئوغلى دادىسىنى ھاپاش قىلىپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەپتۇ ۋە ھۆرمەتلەپ ئوبدان بېقىپتۇ.

# ھېكمەتلىك سۆز

قەدىمكى زاماندا تارىم بويىدىكى ئۇيغۇرلار دىيارىدا ئىككى ئاكا - ئۇكا بولغانىكەن. ئاكىسىنىڭ ئىسمى ھابىل، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى قابىل بولۇپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ مىجەز - خاراكتېرى، خۇي - پەيلى، ئەقىل - پاراستى تۈپتىن ئوخشىمايدىكەن. ھابىل، بەتنىيەت، تەمەخور، قىزغانچۇق، بېخىل، ئاچ كۆز، ئىچى تار بولۇپ، ئىنىسىنى كۆرەلمەيدىكەن ۋە ئۇنى شىلىپ يېيىش كويىدا ئىكەن. قابىل بولسا، ئۆزى كەمبەغەل بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئىنساپ - دىيانەتلىك، ئەقىللىق، مەرد ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان بىر ھويلىدا بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسى ئايرىم - ئايرىم ئۆيدە تۇرۇشىدىكەن.

بىر كۈنى قابىل ئۆزى باققان توخۇ تۇغقان يىگىرمە دانە تۇخۇمنى سېتىپ، چىراغ يېغى سېتىۋالماقچى بولۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھابىلمۇ ئىنىسىنىڭ تۇخۇم ساتقان پۇلىغا تەڭ شېرىك بولۇپ، مانتا -

سامسا ئېلىپ يەپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنەر ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قابىل شە-ھەرگە كىرىپ، تۇخۇملىرىنى يىگىرمە تەڭگىگە سېتىپ چىراغ يېغى ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ بارسا، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بېشىغا كۇلاھ، ئۈستىگە جەندە كىيگەن، ئاپئاق ساقاللىق مەيدىسىنى ياپقان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدى-غان پەرىشتە سۈپەت بىر بوۋاي قىپقىزىل بىر پالاس ئۈس-تىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، خورما ئۇرۇقىدىن قى-لىنغان تەسۋىسىنى سىيرىپ:

هېكمەتلىك سۆز ساتۇرمەن،
خالىغانلار ئالسۇنلەر.
پايدىسىنى سۆزۈمنىڭ
كېيىن بىلىپ قالسۇنلەر....

دەپ تەلقىن ئوقۇپ تۇرغۇدەك.

قابىل مەرھۇم دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا دائىم دەيدى-غان: «پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ»، «بىر ئېغىز هېكمەتلىك سۆز مىڭ تەڭگىگە ئەرزان» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئې-لىپ، كۆڭلىدە، توختا، ئۆينى يورۇتۇشقا چىراغ يېغى تې-پىش تەس ئەمەس، لېكىن كۆڭۈلنى يورۇتۇشقا ئەقىل چى-رىغى تېپىش تەس، بۇ بوۋايدىن هېكمەتلىك سۆز ئالايچۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ــــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا! ــــ دەپتۇ قابىل.

ــــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، كەل، نېمە ھاجىتىڭ بار؟ ــــ دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

قابىل ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن: «سۆزۈمنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەرگە بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى يىگىرمە تەڭگىگە ساتۇرمەن، سۆزۈمنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغانلارغا يۈز تەڭگە بەرسىمۇ، ساتمايمەن» دەپتۇ. قابىل ھەميانىدىن تۇخۇم ساتقان يىگىرمە تەڭگىنى ئېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ھابىل ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ ـ دە، قابىلنىڭ تۇخۇم ساتقان يىگىرمە تەڭگىگە ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا:

ــــ ئۇكام، شۇنچىۋالا پۇلنى بىكاردىن ـ بىكار خەجلەمسەن؟ يىگىرمە تەڭگىگە بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز ئالغانىنىڭ ئورنىغا، ئىككىمىز ئاشپۇزۇلغا كىرىپ راسا تويغۇدەك مانتا، سامسا... ئېلىپ يېسەك بولماسمىدى؟ ــــ دەپ، ئۇنى توسۇماقچى بوپتۇ. قابىل ھابىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ:

ــ ئادەمنىڭ قورسىقىلا تويۇپ، ئەقىل ــ پاراسىتى تويمىسا، بولمايدۇ. قورسىقىنىلا تويغۇزۇشنى بىلىپ، ئەقىل ــ پاراسىتىنى تويغۇزۇشنى بىلمىگەنلەر ئاخىر يەنىلا قورسىقىنىمۇ تويغۇزالمايدۇ. پەقەت ھايۋانلارلا قورسىقىنى تويغۇزۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، مەن يىگىرمە تەڭگىگە ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالغىنىم ئالغان، ــ دەپ، ئۆز نىيىتىدىن قەتئىي يانماپتۇ. ھابىل ئىنىسىنىڭ بۇ ئىشىنى «ئەخمەقلىق» قا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تاپا ـ تەنە قىلىپ، غودۇڭشىپ بېقىپ، بوۋاينىڭ يىگىرمە تەڭگىگە قانداق ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بوۋاي سىرتقى سىرتقاندىن ئۇزۇن تەسۋىسىنى ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، قابىلنىڭ ئىككى قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، ھەرقاچان، ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئېسىڭدە بولسۇنكى، يالغان گەپ قىلىپ پادىشاھتىن ئىنئام ئالغاندىن، راست گەپ قىلىپ دارغا ئېسىلغان ئەۋزەلدۇر» دېگەن بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى ئېيتىپ بېرىپ ئالدىن يىگىرمە تەڭگىنى ئاپتۇ.

دانىشمەن بوۋاينىڭ بۇ بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزى قابىلنىڭ يۈرەك قېتىغا مەھكەم ئورناپتۇ. ئۇ بوۋايدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپتۇ.

لېكىن، ھابىل بولسا، يەنىلا قابىلنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پاشىدەك غىڭىلداپ: «ئاشۇ گەپمۇ يىگىرمە تەڭگىگە ئەر-

زىمدۇ؟ قېنى، سەن ئاشۇ گەپكە ئەمەل قىلىپ قانچىلىك پايدا ئېلىپ كەتكىنىڭنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي، مەن ئۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە ئەمەل قىلماي قانچىلىك زىيان تارتىدىكەنمەن؟ كېيىن كۆرۈشەرمىز» دەپ تەئەددى گەپ قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئالتە ھەپتە ئالتە كۈن ئالتە سائەت ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى قابىل ئوقيا، ساداق، خۇرجۇن ـ قاچا، نان ـ قاق تەييارلاپ ئوۋغا جابدۇنۇپتۇ. ھابىل كۆڭلىدە، ئىنىم بۇ سەپەر ئوۋغا چىقىپ كۆپرەك كېيىك، بۇغا، ئارقار، مارال قاتارلىق قىممەتلىك ھايۋانلارنى ئوۋلاپ، مەندىن باي بولۇپ كەتمىسۇن يەنە، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇنىڭ تاپقان نەرسىلىرىگە تەڭ شېرىك بولمايمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، قابىلغا ئەگىشىپ بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىۋېرىپ پۇت ـ قوللىرى تېلىپتۇ، لېكىن ئۇلارغا ئوۋ قىلغۇدەك نە بىر كېيىك، نە بىر بۇغا، نە بىر ئارقار، نە بىر مارال... ھېچ نەرسە ئۇچرىماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قابىل ھابىلنىڭ ۋايساش، زارلاشلىرىغا قارىتا: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ھېرىپ كەتكەندە توختاپ ھاردۇق ئاپتۇ، بىردەم ھاردۇق ئېلىشىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا، ئاخىر چەكسىز كەتكەن بىر توغراقلىقتىن ئۆتۈپ، ئىككى يولنىڭ ئاچىسىغا كېلىپ قاپتۇ. مەغرىب

41

تەرەپكە ماڭىدىغان يولدا ئادەم، هارۋا، ئات ــ ئۇلاغ، تۆگىـ
لەرنىڭ ماڭغان ئىزلىرى بار ئىكەن، مەشرىق تەرەپكە ماـ
ڭىدىغان يولدا ئادەمزاتنىڭ ماڭغان ئىزى يوق بولۇپ،
يولۋاس، شىر، قاپلان، بۆرە، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق يىرتقىـ
ـۇچ هايۋانلارنىڭ ئىزى بار ئىكەن. بۇ پەيتتە هابىلنىڭ
قورسىقىغا دەرهال جىن كىرىپتۇــ دە، ئۆز كۆڭلىدە،
مەغرىب تەرەپكە ماڭىدىغان يولدا ئات ــ ئۇلاغ، تۆگىلەرنىڭ
ماڭغان ئىزى بارلىقىغا قارىغاندا، ئۇ تەرەپكە بارسا، چوقۇم
دۇنيادەپىنە، بايلىق تېپىپ كەلگىلى بولغۇدەك، مەشرىق
تەرەپتىكى يولغا ماڭغاندا، شەكسىزكى، يولۋاس، شىر،
قاپلان، بۆرە... قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلارغا يەم بولغۇدەك.
شۇڭا، ئىنىمنى مەشرىق تەرەپكە ماڭىدىغان يولغا ماڭدۇرۇـ
ۋېتىپ، ئۆزۈم مەغرىب تەرەپكە بېرىپ دۇنيادەپىنە، بايلىق
يىغىپ كەلمەيمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ــ دە، قابىلغا:
ــ ئۇكام قابىل، ئىككىمىز بىللە ماڭساق بىرنەرسە
ئۇچرىتالمايدىغان ئوخشايمىز. ئىككىمىز مۇشۇ يولنىڭ ئاـ
چىسىدا ۋاقتىنچە ئايرىلايلى. سەن مەشرىق تەرەپتىكى يول
بىلەن ئۇدۇل ماڭغىن، مەن مەغرىب تەرەپتىكى يولغا ماـ
ڭاي، ــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىيلەن ئاچا يولدا
ئايرىلىپ، هابىل مەغرىب تەرەپتىكى يولغا، قابىل مەشرىق
تەرەپتىكى يولغا قاراپ راۋان بوپتۇ. قابىل بىر ئاش پىدـ
شىم يول مېڭىپ بىر ئېگىز قۇم بارخانىدىن كېسىپ ئۆتـ
كەندىن كېيىن، تۆت ئەتراپى ياپيېشىل مەجنۇنتال بىلەن

قاپلانغان، ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاقتىن بۇلدۇقلاپ سۈپسۈزۈك
سۇ چىقىپ تۇرغان بەك ھاۋالىق بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ.
ئۇ بوستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاق بويىغا كېلىپ، تو-
لۇمدىن تالقان ئېلىپ كاپ ئېتىپ، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈ-
يىدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ ھۇزۇرلىنىپ ئارام ئېلىپ ئول-
تۇرسا، ئۇدۇل تەرەپتىن بىر ئاق پىلنىڭ ئۇچقاندەك چې-
پىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، پىلنىڭ ئۈستىدە بىر ياش يىگىت-
نىڭ پىلنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىۋېلىپ، گاھ ئوڭ تەرەپ-
كە، گاھ سول تەرەپكە يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس - تاماس
قالغان ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

چېپىپ كېلىۋاتقان پىل بۇلاقنىڭ ئۇدۇلىغا يېقىن
كېلىشىگە، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر چىغ تۈۋىدىن بىر
بوز توشقان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، پىلنىڭ ئالدىدىن
يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇلدىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ
ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ،
زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. بوز توشقاننى «چاشقاننىڭ ئانىسى-
مىكىن» دەپ تونۇپ قالغان پىل شۇ ھامان شاپپىدە توخ-
تاپتۇ - دە، ئۆز ئورنىدا ئوڭ - تەتۈر چۆرگىلەپ، پۇتىنى



يەرگە ئۇرۇپ ھۆركىرەپ، ئۇستىدىكى يىگىتنى يەرگە يىق-
قىتىۋېتىپتۇ، خارتۇمى بىلەن يىگىتنىڭ بېلىدىن يۆگەپ،
يەرگە نىقتاپ ـ تىركەپ، گاھ ئېگىز، گاھ پەس كۆتۈرۈپ
يەرگە تاشلاپ، يۇمىلىتىشقا باشلاپتۇ. بۇ قورقۇنچلۇق مەن-
زىرىنى كۆرگەن قابىل دەرھال ئوقداندىن ساداقنى ئېلىپ
پىلغا چەنلەپ شۇنداق بىر ئېتىپتۇكى، ئەييۇھەننااس!
ھەرقانداق ئۇستا مەرگەننىڭ ئاتقان ئوقىمۇ بۇنداق توغرا
ماڭماس. قابىل ئاتقان ئوق دەل پىلنىڭ قاق چېكىسىگە
تېگىپ، تۆۋېگىچە سانجىلىپ قاپتۇ. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن
چۆچۈپ كەتكەن پىل يىگىتنى تاشلاپ توغرىلىق جاڭگال
تەرەپكە قاراپ بەدەر قېچىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پىل
قاچقاندىن كېيىن قابىل دەرھال ھېلىقى يىگىتنىڭ يېنىغا
بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ قورسىقىدىن بولدۇقلاپ
قان ئېقىپ، پۈتۈن ئەزايى غەرق قان بىلەن بويىلىپ،
ئۇستىدىكى شاھانە تون ـ سەرپايلىرىمۇ قان بولۇپ تېنى-
گە چاپلىشىپ كەتكەن ھالدا بىھوش ياتقۇدەك. قابىل دەر-
ھال يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئاۋۋال ئۇنىڭ
شاھانە تون ـ سەرپايلىرىنى كېسىپ سالدۇرۇپتۇ، ئاندىن
ئۇنىڭ قورسىقىدىكى قان چىقىۋاتقان يەرگە قوش مۇشتەك
پاختىنى تىقىپ قاننى توختىتىپتۇ ھەمدە بۇلاقتىن سۇ
ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى بى-
ھوش ياتقان يىگىت كۆزىنى لاپىدە بىر ئېچىپ، بۇ نامە-
لۇم قۇتقۇزغۇچىغا تىكىلىپ بىر قاراپتۇ ـ دە، يەنە ھو-

شىدىن كېتىپ قاپتۇ. قابىل بۇ يىگىتنىڭ شاھانە تونىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېپىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق بىر كۆتۈرگەنىكەن، تونىنىڭ يانچۇقىدىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ تىللالار شاراقلاپ يەرگە تۆكۈلۈپ چېچىلىپ كېتىپتۇ. قابىل يەرگە چېچىلىپ كەتكەن ئالتۇن ـ تىللالارنى يەردىن يىغىپ ئېلىۋاتقان پەيتتە، بايا ئاق پىل چېپىپ كەلگەن تەرەپتىن ئۈچ ئاتلىق ئادەم تاراسلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۈچىلىسى تەڭلا ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار گاھ قابىلغا، گاھ يەردە بىھوش ياتقان ھېلىقى يىگىتكە قاراپ تۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قابىلنىڭ قولىدىكى ئەمدىلا يەردىن تېرىۋالغان ئالتۇن ـ تىللالارغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا پارە ـ پارە قىلىنىپ كېسىپ تاشلانغان زەر ياقىلىق شاھانە تون ـ سەرپايلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

ــ ھەي يولۇچى، ئاۋۇ شاھانە تون ـ سەرپايلارنى بۇ يىگىتنىڭ ئۈستىدىن سەن سالدۇردۇڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ سەن بۇ تون ـ سەرپايلارنى نېمە بىلەن كېسىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ يەنە بىرى.

ــ قولۇڭدىكى ئالتۇن ـ تىللالارنى نەدىن ئالدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۈچىنچىسى، لېكىن بۇ يەردە پىلنىڭ قاردىسىمۇ كۆرۈنمىگەچكە، پىل ھەققىدە بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز سوراشنى، ئۇ يىگىتنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سوراشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتۇ.

قابىل بۇ پەيتتە تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى خاتىرجەم، سالماق تۇتۇپ، شەھەردە دانىشمەن بوۋايدىن يىگىرمە تەڭگىگە سېتىۋالغان: «يالغان گەپ قىلىپ پادىشاھتىن ئىنئام ئالغاندىن، راست گەپ قىلىپ دارغا ئېسىلغان ئەۋزەل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يادىغا ئاپتۇ ـ دە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «ھەئە، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى مەن خەنجەر بىلەن كېسىپ سالدۇردۇم. ئۇنىڭ ماۋۇ ئالتۇن ـ تىللالىرىنى ئەمدىلا قولۇمغا ئېلىپ تۇرسام، سىلەر يېتىپ كەلدىڭلار، بىراق مەن...» قابىل تېخى سۆزىنى تۈگەتمەستىنلا، ھېلىقى ئۈچ ئاتلىق ئادەم بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالغاندىن كېيىن: «بولدى بەس ! چۈشىنىشلىك !» دەپلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، قابىلغا تەڭلا ئېسىلىپ ئۇنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋاپتۇ، ئاندىن ئاغزىغا پاختا تىقىپ، كۆزىنى تېڭىپ ئاتقا ئارتىپتۇ. بىھوش ياتقان ھېلىقى يىگىتنى ئاۋايلاپ ئاتقا ئېلىپ، كەلگەن تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. قابىلنىڭ كۆزى تېڭىلغان بولغاچقا، نەگە كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قولىقى ئېتىلمىگەن بولغاچقا، ئۇ قانداقتۇر بىر يەرگە كىرگەندە ھېلىقى ئاتلىقلاردىن بىرىنىڭ: «ئى ئۇلۇغ، كەرەملىك پادىشاھىئالەم، جانابلىرىغا قۇتلۇق خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئىجازەت بەرگەيلا. ئەزىز مۆھتەرەم شاھزادە ئالىيلىرى شىكارغا چىققاندا، چۆل بۇلاق دېگەن مەنزىلگە بارغاندا، ئۇنى يولدا توسۇپ بىھوش قىلىپ قويۇپ، شاھانە تون ـ سەرپايلىرى-

نى، ھەمياندىكى ئالتۇن ـ تىللالىرىنى بۇلاپ ئالغان قاراقچىنى قولغا چۈشۈردۇق. بىز ئۈچ سادىق مۇلازىم نۆ- كەرلىرى جانابلىرىغا ۋە شاھزادە ئالىيلىرىغا بولغان چەك- سىز ساداقەتمەنلىك ۋە ھىماتلىق بۇرچىمىز بىلەن ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، جان تىكىپ ئۇ قاراقچى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى نۇرغۇن خەتەرلىك ئېلىشىشلار ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىپ، ئەزىز شاھزادىمىزنى ئەجەل قويىنىدىن ساق ـ سالامەت قۇتقۇزۇپ ئەكەلدۇق. ئەپسۇسكى، ھىندى مەملىكىتى شاھىنىڭ بەرگەن سوۋغىتى، سەلتەنەتلىك ئور- دىمىزنىڭ ئەركىسى بولمىش ئاق پىلدىن ئىز ـ دېرەك يوقتۇر. ئۇنى بىراۋ ئېلىپ قاچتىمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ مې- ڭىسىدىن ساداق بىلەن روجەك ئاچتىمۇ، بۇ بىزگە قاراڭ- غۇ...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. يەنە ئۇ- نىڭغا جاۋابەن بىر ئادەمنىڭ: «بارىكاللا، باتۇر نۆكەرلىرىم، دۆلىتىڭلارنى زىيادە قىلغايمەن. ھوي خەزىنە بېگى، مۇنۇ ئۈچ باتۇر نۆكەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن تون كىيدۈرۈلسۇن! تۇتۇپ كېلىنگەن قاراقچى زىندانغا تاشلىنىپ، كېيىن شاھزادە ساقايغاندا دارغا ئېسىلسۇن! ئەزىز شاھزادە ئوغلۇم ئوردا تېۋىپلىرى- نىڭ داۋالاپ ساقايتىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلسۇن!» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ. قابىل ئىچىدە، بۇلار مېنى قاراقچى دەپ قاپتۇ، خەير، مەن يالغان گەپ قىلمىدىم، دانىشمەن بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك سۆزىگە ئەمەل قىلدىم. ئاخىر ئاق-

يوللۇق بولارمەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆز ـ ئۆزىگە تە-سەللى بېرىپتۇ. جاللاتلار بىر دەمدىن كېيىن قابىلنىڭ پۇ-تىغا ئىشكەل، بويىنىغا تاقاق سېلىپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ زىندانغا تاشلاپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز سورىماپتۇ.

بىز قابىلنى زىنداندا قويۇپ تۇرۇپ، ئەمدى گەپنى ئۇنىڭ ئاكىسى ھابىلدىن ئاڭلايلى:

ھابىل ئاچا يولدا ئىنىسى قابىلدىن ئايرىلغاندىن كې-يىن، ساق بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر قېلىن توغراقلىق جاڭگالغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ جاڭگالدا بىرەرنەرسە ئۇچراپ قالارمىكىن، دېگەن تەمە بىلەن كېتىپ بارسا، توغراقلىق جاڭگالنىڭ ئىچىدە ماڭلىيىغا بىر تال ساداق ئوقى سانجى-لىپ قالغان بىر ئاق يىلىنىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرەپ، ئۆز ئورنىدا ئوڭ ـ تەتۈر چۆرگىلەپ، يەرنى خارتۇمى بىلەن تۇرتۇپ، ئەتراپىغا شالىنى پۈركۈپ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ يىلىنىڭ يېنىغىمۇ بارالماي، ھەتتا يىلغا تىكىلىپمۇ قارىيالماي ۋە ياكى ئۆزىنىڭ ئوقى بىلەن چۈشى ئىكەنلىكىنىمۇ ئايرىيالماي بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ قاچا ـ قاچا يەنە نۇرغۇن يول يۈرۈپ، ئاخىر بىر كاتتا ئاۋات شە-ھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەرگە كىرىپ تۆت ئەتراپقا قارى-غۇدەك بولسا، كوچىلاردا ئادەملەر مىغ ـ مىغ، رەستىلەردە رەڭگارەڭ ماللار ناھايىتى جىق ئىكەن. ھابىل رەستىلەرنى ئارىلاپ كېتىپ بارسا، بىر جاكارچى: «ئەيىۇھەننااس!

ئاڭلاڭلار ئاموخاس ! ئۇلۇغ پادىشاھىمىزدىن يارلىق شۇل-دۇركى، بىر ئاق پىل بار ئەردى، ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئە-زىز شاھزادىسى شىكارغا مىنىپ چىققان يەردىن غايىب بو-لۇپ كېتىپ، ھالا بوگۇنگە قەدەر ئىز - دېرىكى يوق. كىملەركى ئول پىلنى تۇتقان ۋە ياكى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۆزىنى شاھىمىزغا مەلۇم قىلغاي، ئۇنداق پالۋانغا كەرەم-لىك شاھىمىز ئىنئام ۋە ياكى ئوردىدىن ئالىي مەنسەپ ئا-تا قىلغاي، ئىنشائاللا...» دەپ جاكار قىلىپ كېتىپ بار-غۇدەك. بۇنى ئاڭلىغان ھابىلنىڭ كۆڭلىگە جىن كىرىپتۇ-دە، ئاشۇ جاڭگالدا چېكىنىسىگە ئوق سانجىلىپ جان تالا-شىۋاتقان پىل بۇ چاغقىچە ئۆلگەندۇ. ئۇ پىلنى مەندىن ئۆزگە ھېچكىم كۆرمىدى. شۇڭا، ئاشۇ ئاق پىلنىڭ قاق چېكىنىسىگە ساداقنى چەنلەپ ئېتىپ ئۆزۈم يالغۇز ئۆلتۈر-گەن باھادىر پالۋان مانا مەن بولىمەن، دەپ ئۆزۈمنى مە-لۇم قىلىپ، پادىشاھتىن ئىنئام ئالمايمۇ؟ تېخى بۇ «باتۇر-لۇق»، «خىزمىتىم» بەدىلىگە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن بى-رەر ئەمەل - مەنسەپكە ئىگە بولۇپ قالسام، ئەجەب ئە-مەس، دېگەنلەرنى ئويلاپ، پادىشاھقا ئۆزىنى مەلۇم قىلماق بولۇپ، جاكارچىنىڭ ئارقىسىدىن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىر پىلنى ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈرگەن «ھابىل پالۋان»نى ئوردىغا يولغا سېلىپ قويۇپ، كەينىمىزگە يېنىپ، ئەمدى گەپنى بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئوردىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلايلى:

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر ئارزۇلۇق شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنى ئوردا باغچىسىدىكى ئاق پىلنى مىنىپ شىكارغا چىققانىكەن. بۇ پىل تېخى كۆندۈرۈلمىگەن بولغاچقا، شاھزادە مىنىپ شەھەر سىرتىغا چىققاندا ناھايىتى ئىتتىك چېپىپ، قابىل سۇ ئىچىپ، سايداپ ئولتۇرغان ھېلىقى بۇلاق يېنىغا كەلگەندە، چىغ تۈۋىدىن چىققان ئاق توشقاننى «چاشقاننىڭ ئانىسى» دەپ ئۈركۈپ كېتىپ، شاھزادىنى يەرگە يىقىتىپ دەسسەپ ـ چەيلەشكە باشلىغانىكەن. ئەگەر قابىل پىلغا ساداق ئېتىپ ئۇنى قاچۇرمىغان بولسا، شاھزادىنىڭ جېنىدىن ئايرىلىشى مۇقەررەر ئىكەن. لېكىن، پادىشاھ بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىكەن. ھېلىقى ئۈچ ئاتلىق نۆكەر شاھزادىنى ۋە قابىلنى ئوردىغا ئاپارغاندىن كېيىن، پادىشاھ شاھزادىنىڭ تىنچ ـ ئامان، ھايات قالغانلىقىدىن، ئۇنى يولدا بولغان «قاراقچى»نىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن زىيادە خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئوردىدىكى بىردىنبىر ئەتىۋارلىق ئاق پىلنىڭ دېرەكسىز يوقالغانلىقىدىن كۆڭلى تولىمۇ غەش بولۇپ، بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرا ۋە ئوردا مۇنەججىملىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، پىلنى ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان ۋە ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن گۇناھكارنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ، تۇتۇش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ.

ــ ئەگەرچەندە ئۇلۇغ شانۇشەۋكەتلىك شاھىمىزغا ھىندى مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ھەدىيە قىلغان ئول ئاق

پىل يوقىلىپ كېتىدىغان بولسا، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بىر ۋەزىر، — ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ يەتتە ئىقلىمدىكى چەكسىز شانۇشەۋكىتىنىڭ شۇ پىلغا ئوخشاش يوقىلىپ كېتىشىدىن بېشارەت بولغاي، ۋەللاھۇئالەم.

— ھەق! ھەق! — دېيىشىپ باش لىڭشىتىشىپتۇ باشقا ۋەزىرلەر.

— بەس! — دەپتۇ پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ، — بۇگۈن بۇنىڭغا بىر ئىشەنچلىك چارە تېپىشالمايدىكەنسەن، ھەممىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!

— قۇللۇق، قۇللۇق! — دەپ سۆز باشلاپتۇ يەنە بىر ۋەزىر، — ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ شانۇشەۋكىتىنىڭ روشەن بەلگىسى بولمىش ئول پىلنى تەپ تارتماستىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ شاھىمىزنىڭ كۈچ- قۇدرىتى بىلەن ئويناشقان، يۈرىكى قاپتەك يوغىناپ كەتكەن جىنايەتكارنى ئېگىزلىكى يەتمىش گەز كېلىدىغان مۇنار ياساپ، مۇناردىن تىرىك يەرگە تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ، شاھزادىمىزنىڭ ئەنتىنى ئېلىش كېرەك!

— بۇ تولىمۇ يېنىك جازا بولۇپ قالار، — دەپتۇ يەنە بىر ۋەزىر، — قاپتەك يۈرىكى بار ئول بەتبەختنى قەپەستىكى يولۋاس ياكى يىلپىزنىڭ ئاغزىغا تىرىك تاشلاپ بېرىپ، يىلپىز ياكى يولۋاسقا يېگۈزۈپ، ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ كۈچ- قۇدرىتى بىلەن ئويناشقان ھەنتىۋا ئەھلى پۇقرالارغا كۈچلۈك ئىبرەت قىلغۇلۇق!...

— بۇمۇ ئازلىق قىلغۇسى، — دەپتۇ يەنە بىر ۋەزىر ساقاللىرىنى لىكىلدىتىپ، غەزەپلەنگەن ئاھاڭدا، — تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، تا قىيامەت قايىم بولغۇچە دارغا مىخلاپ ئېسىپ قويغۇلۇق، مانا بۇ ئەڭ لايىقىدىكى جازا.

— تۈزۈمنى هارام يەيدىغان ئەقىلسىز كالۋالار، — دەپتۇ پادىشاھ تەختتىن چاچراپ تۇرۇپ ۋەزىر - ۋۇزرالارغا چالۋاقاپ، — مەن ھەرقايسىڭدىن ئوردىنىڭ ئاق پىلىنى تۇتۇۋېلىپ خۇپىيانە ئۆلتۈرگەن ۋە ياكى يوشۇ-رۇۋالغان چوڭ گۇناھكارنى قانداق قىلىپ تۇتۇشنى سوراۋا-تىمەن. ئۇنى تېخى قولغا چۈشۈرمەي تۇرۇپ قانداق جازا-لىشىسەن؟!

ھەيئىتۋا ۋەزىر - ۋۇزرالار باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ، چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆكۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئوردا باش مۇ-نەججىمى سۆز ئېلىپ:

— ئى ئۇلۇغ، دانا پادىشاھىئالەم، مەن بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي. ئول پىلنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ھىيلە - مى-كىر بىلەن قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، يەنى پادىشاھلىقىمىز تەۋەسىدە كىمكى بىر ئاق پىلنى تۇتالىغان ۋە ياكى ئۆل-تۈرگەن بولسا، ئۇ باھادىر - پالۋانغا ئۇلۇغ شاھىمىز تو-گىمەس - پۈتمەس ئىنئام بەرگەي ۋە ياكى ئوردىدىن ئالىي مەنسەپ ئاتا قىلغاي، دەپ جاكار قىلساق، ئۇنداق ئادەم ئۆزلۈكىدىن ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەي. بۇنىڭدىن ئۆز-گە چارە بىلەن ئول گۇناھكارنى قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن

ئەمەس، ــ دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ.
بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا تولىمۇ يېقىپتۇ ۋە دەرھال شۇنداق جاكار قىلىشقا جاكارچى چىقىرىپتۇ. ئوردىدا يۇ-قىرىقى مەسلىھەت بولۇپ ئەتىسى پادىشاھ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا شاھزادىنى شاھلىق تەختتە ئولتۇرغۇزۇشقا ھەممە ۋەزىر - ۋۇزرالار بىرلىككە كەپتۇ. ئوردا تېۋىپلىرىمۇ شاھزادىنىڭ جاراھى-تىنىڭ ساقىيىپ، سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەخت-تە ئولتۇرۇشقا تامامەن مۇمكىنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق-تىن ئۆتۈپتۇ.
شاھزادە شاھلىق تەختكە چىقىپ، تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى، زىندان بېگى شاھزادىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
ــ ئى مەرھەمەتلىك ئەزىز شاھزادەم، جانابلىرىغا يې-تىپ مەلۇم بولغايكى، سىلى بۇنىڭدىن ساقمۇساق ئۈچ ئاي مۇقەددەم ئوردىنىڭ ئاق پىلىنى مىنىپ شىكارغا چىققان كۈنى جانابلىرىنىڭ ئەزىز جېنىغا قەست ئەيلەپ، شاھانە تون - سەرپايلىرىنى خەنجەر بىلەن كېسىپ سالدۇرۇپ، ھەميانلىرىدىكى ئالتۇن - تىللالارنى بۇلىۋالغان قاراقچىنى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتىلىرى بولمىش مەرھۇم شا-ھىمىز ئول گۇناھكارغا دارغا ئېسىش جازاسى بېرىشنى ھۆكۈم قىلغانىدى. بېرىلگەن مۆھلەت دەل بۈگۈن توشتى. باتۇر نۆكەرلىرىمىزنىڭ ئايپالتىنىسى قانسىرىدى. مەزكۇر

گۇناھكارنى بۇگۇن دارغا ئاسساق، ئىجازەت بەرگەيلا ھەمدە نۆكەرلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقىنى بۇگۇنكى جازا مەيدانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئۆز كۆزلىرى بىلەن تاماشا قىلغايلا، ــ دەپتۇ.

شاھزادە زىندان بېگىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئوردىنىڭ ئاق پىلىنى مىنىپ شىكارغا چىققاندا، يولدا سادىر بولغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر خۇددى چۈشتەك بىر ــ بىرلەپ ئايان بولۇشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئاشۇ ۋەقەلەرنى يادىغا ئېلىپ خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بوپتۇ ــ دە، دەرھال زىندان بېگىگە: «سىلەر دېگەن ئاشۇ گۇناھكارنى ھۇزۇرۇمغا ھازىر قىلىڭلار!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. زىندان بېگى «خوپ» دەپ قابىلنى زىنداندىن ئاچىقىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا ھازىر قىپتۇ.

شاھزادە قابىلنىڭ كۆزىگە بىر قاراپلا، ئاشۇ كۈنى چۆل بوۋاقتا ئۆزىنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ جېنىغا جان قوشقۇچى بۇ شەپقەتچىنى دەرھال تونۇپتۇ. يىگىتنىڭ ئەڭ خەۋپلىك پەيتتە ۋەھشىيلەشكەن پىلغا ئوق ئۈزۈپ پىلنى قاچۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ سولىشىپ قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ھاياتلىق يىلتىزىنى قايتا ياشارتقانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئاپتۇ ــ دە، تەختتىن چۈشۈپ قابىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەلنى، بويىندىكى تاقاقنى ئۆز قولى بىلەن بوشىتىپتۇ



ھەمدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پۇتۇن ئوردا ئەھلىگە:
«سىلەر گۇناھكار، قاراقچى، دەپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەن
بۇ يىگىت دەل مېنىڭ ھاياتىمنى پىلنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇت-
قۇزغان شەپقەتچىم بولىدۇ. بۇ يىگىتنىڭ قىلغان ياخشىلى-
قىنى مەن ئۆلگۈچە ياندۇرالمايمەن...» دەپ ئۇنى ئالتۇندىن
ياسالغان شاھلىق تەختكە چىقىرىپ، شۇ سائەتتىن باشلاپ
قابىلنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىر
بولىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلى-
غان پۇتۇن ئوردا ئەھلى بۇ يېڭى پادىشاھقا زىيادە ئىززەت-
ئىكرام بىلدۈرۈشۈپ، ئۇنى قىزغىن مۇبارەكلەپتۇ. ئوردا
شائىرلىرى ئۇنىڭ شەنىگە تۈگىمەس مەدھىيە ياغدۇرۇپتۇ.
قابىل پادىشاھ بولۇپ ئەتىسى تەختتە ئولتۇرسا، ئوردا
ھۇدەيچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئۇلۇغ، مەرھەمەتلىك شاھىمىزغا مەلۇم بولسۇنكى، ھىندى مەملىكىتى پادىشاھىنىڭ سوۋغىتى، ئوردىمىزنىڭ ئەركىسى بولمىش ئاق پىلنى ساداقىتىن ئوق ئۈزۈپ قەتل قىلغۇچى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلىپ، جانابىلىرىدىن تىخى «ئالىي ئىنئام» ئالغىلى كەلدى. ۋەزىرلەر كىچىشىدىنىڭ ئىلگىرىكى قارارىدا ئوردىنىڭ غايىب بولغان ئاق پىلىغا تەپ تارتماستىن چېقىلغۇچى ۋە ياكى قەتل قىلغۇچىدىغا دارغا ئېسىش جازاسى بېرىش بېكىتىلگەن. ئەمر قىلىغايلا، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قابىل: «ئوردىغا ئەكىرىلسۇن !» دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار ھابىلنى چەمبەرچاس



باغلاپ، پۈتنغا ئىشكەل، بويىنىغا تاقاق سېلىپ پادىشاھ قا-
بىلنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كىرىپتۇ. ھابىل چىرايى تاتارغان
ھالدا ئوردىغا كىرىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، تەختتە
ئۆز ئىنىسى قابىل ئولتۇرغۇدەك. قابىلمۇ ئۆز ئاكىسىنىڭ
بۇنداق كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە چاچراپ
ئورنىدىن تۇرۇپ، جاللاتلارغا: «بوشىتىڭلار!» دەپ ئەمر
قىپتۇ. ئاڭغىچە ئۇڭ قول ۋەزىر بولغان شاھزادىمۇ بۇ
ئىشنىڭ ناھەق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆز قولى بىـ-
لەن ھابىلنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەل، بويىنىدىكى تاقاقنى بو-
شىتىپتۇ ھەمدە پۈتۈن ئوردا ئەھلىگە ئاق پىلنى ساداق
بىلەن ئېتىپ ھاياتىنى قۇتقۇزغان دەل يېگى پادىشاھنىڭ
ئۆزى ئىكەنلىكىنى، بۇ كىشىنىڭ: «پىلنى ئۆزۈم ئېتىپ
ئۆلتۈردۈم» دىگەن سۆزىنىڭ قانداقتۇر ئىنئام ۋە ئەمەل-
مەنسەپكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىلغان يالغان سۆز ئىكەن-
لىكىنى جاكارلاپتۇ.

بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ھابىل ئىنىسى قابىلنىڭ شە-
ھەردە يېگىرمە تەڭگىگە ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالغانلىقى-
نىڭ ھەقىقەتەن دۇرۇس بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن
خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ كۆز يېشى قىپتۇ.

قابىل پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ناھەق ئىشلارنى
ئوڭشاپ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۈتۈن مەملىكەت-
نى ئاۋات، ئەل كۆڭلىنى شاد قىلىۋېتىپتۇ.

## ئۆسكەك پادىشاھ

قەدىم زاماندا، كۆنچىقىش بىلەن كۈنپېتىش ئارلىقىدىكى بىر دىياردا قىسمەت ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، شاھلىق سەلتەنىتىنى سۆرەر ئىكەن، سەلتەنىتىنىڭ شۆھرىتى ئاشقانسېرى ئۆزىنى شاھەنشاھ ھېسابلاپ، كۈندىن - كۈنگە تەكەببۇرلىشىپ، ئۆزىدىن باشقا ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان، گۇمانخور بولۇپ قاپتۇ، شاھنىڭ نالايىق ئىشلىرى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىپ قويغانلىكى كىشىلەرنى يا ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇپتۇ، يا بولمىسا زىندانغا تاشلاپتۇ، «جىنايىتى» ئېغىررافلىرىنى جاللاتلىرىنىڭ قىلىچىغا تاپشۇرۇپتۇ. شاھنىڭ بۇ مىجەزىنى بىلگەن بىر تۈركۈم پۇرسەتپەرەس ۋەزىر ۋە ئوردىنىڭ باشقا ئەركانلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن پادىشاھقا يېقىنلىشىپ، خۇشامەت قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ رەقىبلىرىنى شاھقا چېقىپ يامان كۆرسىتىشكە كىرىشىپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىنى ھۆرمەت، ساداقەتلىك دەپ چۈشىنىپ، ئوردىنىڭ مۇھىم، چوڭ ئىشلىرىنى ئاشۇ سۇيىقەستچى، ناپاك كىشى-

لەرگە تاپشۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، ئۇردىدا ئادىللىقنىڭ سايىسى-
مۇ قالماپتۇ، خەلق كۈندىن - كۈنگە ئېغىر كۈنگە قاپتۇ،
يۇرت، شاھلىق خانىۋەيرانلىققا يۈزلىنىپتۇ. شۇنداق كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ قىسمەت چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە
مۇنداق بىر ئاجايىپ ئىش كۆرۈپتۇ: ئۇ ئېچىنگە نۇرغۇن
بۇلبۇل ۋە تۇمۇچۇقلار سولانغان ئالتۇن قەپەسنى كۆتۈرۈپ
كېتىپ بارارمىش. بۇنى ئاز كۆرۈپ يەنە بۇلبۇل، تۇمۇچۇق
تۇتىمەن دەرمىش ۋە ئالدىغا بىر قوتان ئورۇق قويلارنى
سالغىنىچە ھەيدەپ مېڭىپ بىر قاقاس چۆلگە بېرىپ
قالغانمىش. ئاچ قالغان قويلار قورساق غېمىدە پادىشاھ-
نىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ
كەتكەنمىش. پادىشاھ قويلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، بىر ھازا
يول يۈرۈپ بىر بەلدىن ئاشسا، قويلىرى سۈلىرى ئەلۋەك،
ئوتلىرى مول بىر گۈزەل يايلاقتا ئوتلاۋاتقۇدەكمىش. پادى-
شاھ قويلىرىنى تاپقانغا خۇشال بولۇپ، ئۆز ماكانىغا ھەي-
دىسە، قويلار ماڭمىغۇدەكمىش، قويلار ئارىسىدىكى سەركى-
لەر خىلمۇخىل رەڭدە كۆرۈنەرمىش. پادىشاھ بۇنىڭغا
ھەيران بولۇپ يېقىن بارسا، بىر سەركە سەكرەپ كەلگى-
نىچە پادىشاھنى ئۈسكەنمىش. ئۇنىڭ قولىدىكى قەپىسى
يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەنمىش، بۇلبۇل،
تۇمۇچۇقلارمۇ ئۇچۇپ كەتكەنمىش. پادىشاھ چۆچۈپ ئويغان-
سا، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ، يۈرىكى
قاتتىق سوقۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كۆرگەن چۈشىنىڭ

مەنسىگە يېتەلمەي، ئوردىنىڭ ئەقىلدار، ئەمەلدار ۋە قە-لەمدارلىرىنى چاقىرتىپ چۈشىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە چۈشىگە تەبىر تەلەپ قىپتۇ. ۋەزىر ۋە ئەمىر-بەگلەر ئارىسىدا بايان ئىسىملىك ئوڭ قول ۋەزىر بولۇپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىدىغانـ-لىقىنى بىلدۈرۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئوردا ئەھلى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ۋەزىر بايان تەبىـ-رىنى باشلاپتۇ:

ـــ ئەي شۆھرىتىگە جاھان تارلىق قىلىدىغان ئۇلۇغ شاھ، خاسىيەتلىك چۈشلىرىدە ئايان بولغان ئالتۇن قەپەس سەلتەنەتلىك ئوردا ـ ھەرەمدۇر ۋە ئۇنىڭ مۇستەھكەملىـ-





ـكىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئالدىلىرىدىكى بىر توپ قوي سىلـ.
ـنىڭ ئادالەت نۇرلىرى بىلەن ھاياتلىققا ئېرىشكەن يۇرت
پۇقرالىرىدۇر؛ ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىشى
يۇرت ۋە ئوردىدا پۇقرالارنى يولدىن ئازدۇرغۇچى پىتنىچىـ.
ـلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بېشارىتىدۇر؛ قويلار ئارىسىدىكى
سەركىلەرنىڭ ھەر خىل رەڭدە كۆرۈنۈشى بولسا، ئۇلۇغ
شاھىمىزنىڭ سايىسىدە ياخشى كۈن كۆرۈپ، كۈنگە بىر
خىل يېڭى كىيىم كىيىپ يۈرگەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسىـ.
ـدۇر، ۋەللاھۇئالەم. بۇزۇقلارنىڭ، پۇقرالارنى ئازدۇرغۇچى
پىتنىخورلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمىغاي ۋە مۇراد ـ
مەقسەتلىرىگە يەتمىگەي، — دەپ تەبىرىنى ئاخىرلاشتۇـ.
رۇپ، تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

كۈچ ـ قۇۋۋەت، سەلتەنەت، شانۇشەۋكەت ھەم،
ئادالەت بابىدا تەڭدىشىڭ يوقتۇر.
يامغۇردەك ياغىدۇ شەپقەت ـ ئېھسانىڭ،
ئەھلى يۇرت ئاسايىشتا، قورسىقى توقتۇر.

ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان «ئالىي نەسەبلىك»لەرنىڭ
ھەممىسى ۋەزىر بايانىنىڭ تەبىرىنىڭ توغرىلىقىغا تەنتەنە
قىلىشىپتۇ. پادىشاھمۇ چۈشىنىڭ بۇنداق ياخشى تەبىرگە
ئېرىشكەنلىكىگە خۇرسەنلىكى تېشىپ، ۋەزىر بایاندىن
رازى ـ مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا زەر ياقىلىق كىمخاب تون

كىيدۇرۇپتۇ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ، شۇنداقلا ۋەزىر بايانىنىڭ تەبىرىنى قوللاپ تەنتەنە قىلىشقان، ھەرقاچان پادىشاھنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان خۇشامەتچى ۋەزىر ـ ۋۇزرالارمۇ شاھنىڭ ئىنئاملىرىدىن قۇرۇق قالماپتۇ.

ھەممە ئىشنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆزىتىپ، ئەقىل ئەلگىكىدە تاسقاپ ئولتۇرغان، پادىشاھ قىسمەتىنىڭ دادىسىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئوردا ئاقىلدارى بولۇپ كېلىۋاتقان، ئاپئاق ساقاللىق مەيدىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ياشانغان تەبىرى ئالىم ئىسمىلىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— راستىنى راست دېمەك لازىمدۇركى، پادىشاھ چۈشىدە كۆتۈرۈۋالغان قەپەس ۋەزىر بايان ئېيتقاندەك ئوردا ـ ھەرەمدۇر؛ قەپەستىكى بۇلبۇل، تۇمۇچۇقلار پادىشاھنىڭ مەلىكە، كېنىزەكلىرىدۇر؛ يەنە بۇلبۇل، تۇمۇچۇق تۇتماقچى بولغانلىق بولسا، شۇنچە كۆپ مەلىكە، كېنىزەكلىرى تۇرۇقلۇق يەنە خوتۇن ئېلىش نىيىتىدە بولغانلىقلىرىنىڭ بېشارىتىدۇر؛ ھەيدەپ يۈرگەن ئورۇق قويلار بولسا، ھال ـ مادارىدىن كەتكەن پۇقرالارنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر؛ ئوتسىز يايلاق يۇرتىمىزنىڭ خارابلىشىپ چۆللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن ئايانكى، پادىشاھلىق سەلتەنەت ئۇزاققا قالماي پاتىپاراقچىلىق خەۋپىگە دۇچ كەلگۈسى. سەركىلەرنىڭ ھەر خىل رەڭدە كۆرۈنۈشى بولسا، ئوردا ئەركانلىرى ئارىسىدىكى

رەڭۋازلىق، خۇشامەتچىلىكنىڭ چۈشتە ئايان بولۇشىدۇر. بۇ رەڭۋازلىق سىرلىرىمۇ ئۇزاققا قالماي خەلقىئالەم ئالدىدا ئايان بولغۇسى، ــ دەپ، تەبرى ئالىم سۆزىنى تۆۋەندىكى نەزم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ:

پەلەككە يەتسىمۇ باشىڭ، ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
مېھىر ـ شەپقەتنى يار تۇتساڭ، سېنى قوللار ھامان ئەل ـ يۇرت.
بىلىپ قويغىنكى، ئەي شاھىم، تەختىنىڭ يىلتىزى يوقتۇر،
قىلىپ كۆل تاشلىغاي بىلسەڭ، خەلقىنىڭ ئاھىدىن بىر ئوت.



تەبرى ئالىمنىڭ تەبرى بايانىنى ئاڭلاپ غەزىپىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان پادىشاھ نەزمنى ئاڭلاپ تەخت كۇرسىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ. قان سېغىنىپ تۇرغان ئىككى جاللات «كىمنىڭ ئۆمۈر ـ رىزقى تولدىكىن؟» دەپ، قېنى سۇرتۇلمىگەن قىلىچلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ تەبرى ئالىمغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىپتۇ، جاللاتلارمۇ ھۆكۈمنى شۇئان ئىجرا قىپتۇ. تەبرى ئالىمنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىگە نارازى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوردىدىن ھەيدىلىپتۇ.

يۇقىرىقى ۋەقە بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، پادىشاھ قىسمەت-

نىڭ بېشى قىچىشىدىغان بولۇپ قېلىپ، كۆنسېرى ئېغىر-لىشىپتۇ. كېسەل شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، بىئاراملىقتىن تاماق يېيەلمەپتۇ، كېچىسى كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپتۇ. ئۇ ئوردىدىكى داڭلىق تېۋىپلارغا كېسىلىگە خاتىمە بېرىش پەرمانىنى چۈشۈرۈپتۇ. ئۇلار ھەرقانچە كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولماپتۇ، ئەكسىچە پادىشاھنىڭ كېسىلىنى ئېغىرلىتىپ، ساراڭدەك قىلىق قىلىدىغان ھا-لەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغان ۋەزىر بايانىنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە پادىشاھقا بىر خىل دورىنى ئەكىلىپ كۆرسىتىپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھئالەم، پېقىرلىرى ئۇشبۇ دو-رىنى شەھرى غايىبتىن ئالدۇرۇپ كەلدىم. ئىچسىلە، ئىن-شائاللا رەنجىلىرىگە شىپا، دەردلىرىگە داۋا بولغۇسى، — دەپ، خۇشامەت بىلەن ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ.

بېشىنىڭ قىچىشىشى جېنىدىن ئۆتۈپ قاتتىق ئازابلى-نىپ تۇرغان پادىشاھ دورىنى شۇ ھامان ئىچىپتۇ، ئىچىپ-تۇيۇ، شۇئان كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قانچىلىك ئۇخلىدى-كىن، ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن، ئويغانسا بېشى ئېغىر تۇرغۇ-دەك، بېشىنى تۇتۇپ كۆرگۇدەك بولسا، بېشىنىڭ قىچىشى-دىغان يېرىدىن ئىككى تال مۈدۈر — چوقۇر قوپال مۈڭگۈز ئۈنۈپ چىقىپ چوقچىيىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىدىن چۆچۈپ ھەيرانلىقتا چۆكۈپتۇ. بېشىنىڭ قىچى-

شىشى بېسىققاندەك قىلىسىمۇ، ئەمدى مۆڭگۈزى ئۆنىڭدىنمۇ بەتتەر قىچىشىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ مۆڭگۈزىنى تاتىلاپ بېقىپتۇ، ئۇرۇپ بېقىپتۇ، تامغا ئۇسۇپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ، ئەكسىچە ئۇسكەنسېرى قىچىشىپ، يەنە ئۇسكۇسى كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئۇسكەكلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، كۆزى كۆرگەن، ئالدىغا ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئۇسۇپ ۋەيران قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇسكەكلىكى شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئالدى بىلەن ھەرەمخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ خانىش، كېنىزەكلىرىنى ئۇسۇپ سۇر - توقاي قىپتۇ. خانىش، كېنىزەكلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى پۈتۈن ئوردىنى قاپلاپتۇ. ۋەزىر بايان بۇ ئىشلاردىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، پادىشاھقا كۆرۈنۈشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ، تېخىمۇ پىنھان يۈرۈپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈپتۇ. ۋەزىر بایاندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇسكەنسېرى مۆڭگۈزى قىچىشىپ، قىلىزىپ، زادىلا تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان پادىشاھ ئوردا ئىچىدە ئۇسۇشقا ئادەم تاپالماي، ئوردا دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ شەھەرگە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇسكەكلىك كېسىلىدىن بىزار بولغان يۇرت خەلقى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. ئۇسكەكلىكتە ئەسەبىيلەشكەن پادىشاھ ئالدىغا توغرا كەلگەن نەرسىلەرنى، ئۆي - ئىمارەت، مال چارۋا، دەل - دەرەخلەرنىمۇ

ئالا قويماي ئۇسسۇپ كېتىپتۇ، ئۇسسە ـ ئۇسسە، مۇڭگۈزى زە-
خىملىنىپتۇ، ئۆزىمۇ ھالسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. قىپ-
چىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر، پادىشاھ بىزگە يېتىشىپ قال-
دىمىكىن، دەپ قورقۇشۇپ ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا،
ئۇسكەك پادىشاھ يەردە سوْنايلىنىپ ياتقان. ئۇلار ئەجەبلى-
نىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىشىپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قولىدا چىرايلىق ھاسا تۇتقان بىر
دەرۋىش تويلىشىپ تۇرغانلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۇ دەرۋىش
پادىشاھنىڭ ئۇسكەكلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، شە-
ھەر خەلقىگە ئېغىر تالاپەت يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،
بۇنىڭدا بىر سىر بار دەپ ئويلاپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قوشنا
ئەللەرگىمۇ ئاپەت كەلتۈرۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ،
ئۇنى ساقايتىش خىيالىدا بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. كېلىپلا
ئەنە شۇ پاجىئەلەرنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى دەرۋىش پادىشاھقا
ھەم ئەجەبلىنىش، ھەم ئاچچىقلىنىش نەزەرىدە قاراپ تۇر-
غان كىشىلەرگە:

ــ ئەي يارەنلەر، مەن بۇنىڭ كېسىلىنى شۇنداق سا-
قايتايكى، ــ دەپ، قولىدىكى خاسىيەتلىك دەرەخ نوتىسى-
دىن ياسالغان ھاسىسى بىلەن پادىشاھنىڭ مۈڭگۈزىگە قات-
تىقمۇ ئەمەس، بوشمۇ ئەمەس، شۇنداق بىرنى ئۇرغانىكەن،
پادىشاھنىڭ مۈڭگۈزىدىن ئوت چاقناپ كېتىپتۇ ھەمدە
مۈڭگۈزمۇ پادىشاھنىڭ بېشىدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھ
ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشى ئۇستىدە لەيلەپ يۈرگەن بىر پار-

چە ئوت ئۇچقۇننى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىچە قاراپ قاپ-
تۇ. ھېلىقى دەرۋىش ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى ئۇچقۇنغا قارد-
تىپ تۇرۇپ:

— قىنى، يۇرتقا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن سۇيىقەستچى-
نى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇر! — دەپتىكەن، ھېلىقى
ئۇچقۇن ئۇچۇپ بارغىنىچە، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يارتا تام
كەينىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇرغان ۋەزىر باياد-
نىڭ كۆكرىكىگە تېگىپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى لاۋۇلداپ
كۆيۈشكە باشلاپتۇ. قارا نىيەت ۋەزىر ئۆزىنىڭ كۆيۈپ تۇ-
گەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرۋىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ
يۈكۈنۈپتۇ، لېكىن يالغان تۈۋىسىنى ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈر-
مەپتۇ، شۇئاننىڭ ئۆزىدىلا كۆيۈپ، بىر ئوچۇم كۈلگە ئاي-
لىنىپتۇ. يەنە شۇ زامات غۇررىدە بىر شامال كېلىپ، ئۇ-
نىڭ كۈلىنى ئۇچۇرۇپ سورۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ قىسمەت ئۆزىنىڭ قانداق ساقىيىپ قالغانلى-
قىنى پۇقرالاردىن ئاڭلاپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئۆتكۈزگەن
گۇناھ، سەۋەنلىكلىرىگە قاتتىق تۆۋا قىپتۇ، دەرۋىشنىڭ
ئايىغىغا يىقىلىپ، رەھمەت ئۇستىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ.
دەرۋىش پادىشاھ قىسمەتكە:

— ئەي پادىشاھ، گۇناھىڭغا تۆۋا قىلغىنىڭ ياخشى،
ئەۋزىلى تۆۋاڭنى ئەمەلدە ئىسپاتلىشىڭ. سېنىڭ دەستىڭدىن
تارقاپ كەتكەن پۇقرالىرىڭنى يىغىپ جەم قىل. ئۇلار ئال-
دىدا يۇرتنى ئادىل سورايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەر ھەم ۋەدەڭگە

ۋاپا قىل، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ قىسمەت ئەتراپتىكى كىشىلەر ئارىسىدىن بىرقانچە جاكارچى تەيىنلەپ، يۇرت ـ يۇرتقا ماڭدۇرۇپ «ئەل ئامان» پەرمانىنى جاكارلىتىپتۇ. جاكارنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، كېيىنكى ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇقۇپ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ، پادى- شاھنىڭ كېسىلىگە خاتىمە بەرگەن دەرۋىشكە تۈگىمەس رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ.

پادىشاھ قىسمەت دەرۋىشنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە پۇقرالارنى ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىپ، يۇرت ئەھلى ئالدىدا، بۇنىڭدىن كېيىن ئەل ـ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورايدىغانلىقى، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى ئوردىغا يولات-





ماي، ياخشى نىيەتلىك، ئەلسۆيەر كىشىلەرنى ئەتىۋارلايدى-
غانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىپادىسى قى-
لىپ دەرۋىشنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر ھەم باش ئەقلىدار
قىلىپ تەيىنلەپتۇ، بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن تەبرى ئالىم-
نىڭ ئاددىي قەبرىسىنى ئالاھىدە گۈمبەز قىلىپ قاتۇرۇشنى
مېمارچىلارغا تاپشۇرۇپتۇ، نەزىر - چىرىغىنى چوڭ قىلىپ
ئۆتكۈزۈشنى مۇلازىملارغا بۇيرۇپتۇ، ئالىمنىڭ بالا - چاقى-
لىرىنى ئوردىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ،
ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ، مەرھۇم تەبرى
ئالىمنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى
ئۈچۈن ئوردىدىن ھەيدەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپ-
تۇرۇپ ئەكېلىپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ، قايتىدىن ئادالەتلىككە ئېرىشكەن خەلق خۇشال -
خۇرام، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# پادشاھنىڭ سالىمى

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر دانىشمەن سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، مىڭ تىللانى بىر ئەتتارغا ئامانەت قويۇپ كېتىپ-تۇ. بىرقانچە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئەتتاردىن مىڭ تىللانى سوراپتۇ، لېكىن ئامانەت ئالغۇچى تېنىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن دانىشمەن جېدەللىشىپ بوغۇشۇپ قاپتۇ. ئادەملەر توپلىنىشىپ، دانىشمەنگە نەسىھەت قىلىپ:

— بۇ ئادەم ئىنتايىن ئىنساپلىق، ئەگەر سىزدىن مىڭ تىللا ئالغان بولسا، ھەرگىزمۇ تېنىۋالمىغان بولاتتى، — دېيىشىپتۇ. بەزىلىرى:

— ئەگەر يەنە جېدەللەشسەڭ، ئۆزۈڭ زىيان تارت-سەن، — دەپ دانىشمەننى قورقۇتۇپتۇ. دانىشمەن نائىلاج-لىقتىن ئۆز ئەھۋالىنى يېزىپ پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سىز ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇ-رۇڭ، تۆتىنچى كۈنى مەن شۇ جايدىن ئۆتۈپ سىزگە سالام قىلىمەن، سىز گەپ قىلماي ئولتۇرىۋېرىڭ. مەن ئۆتۈپ

كەتكەندىن كېيىن پۇللىرىڭىزنى تەلەپ قىلىڭ، ئۇ نېمە دېسە، دەرھال كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلىڭ، — دەپتۇ.

دانىشمەن پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ئامانەت ئالغۇچىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرغانىكەن، تۆتىنچى كۈنى پادىشاھ ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دانىشمەننى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ بۇرۇلۇپ دانىشمەنگە ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ ۋە:

— ئى بۇرادىرىم، كەچ كىرگەندە مېنىڭ قېشىمغا بېرىڭ، قانداق دەرد ـ ئەھۋالىڭىز بولسا، ماڭا ئېيتىڭ، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ. دانىشمەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا جايىدا ئولتۇرىۋېرىپتۇ. ئامانەتكار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، دانىشمەنگە:

— ئى تەقسىر، ئۆتكەن ئىشلارنى ماڭا قايتىدىن سۆزلەپ بېرىڭ. ماڭا ئامانەتنى بەرگەندە كىم بار ئىدى؟ قەيەردە بەرگەنىدىڭىز؟ ئېھتىمال ئۇنتۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن، — دەپ يېلىنىپتۇ. دانىشمەن مىڭ تىللانى ئامانەت بېرىش جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئامانەت ئالغۇچى:



— سىز راست دەۋاتىسىز، ئەمدى يادىمغا كەلدى، — دەپ دانىشمەنگە مىڭ تىللانى بېرىپ، ئۇستىلەپ كۆپ ئەپۇ سوراپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4NjEuemlw",
"filename_decoded": "40209861.zip",
"filesize": 30857060,
"md5": "9690ccf885676f6f7b75ed034af3cf54",
"header_md5": "3cefab732383ed2be3509a016c411fa5",
"sha1": "d20f28e3cfbe038e603403cff3352be079271baa",
"sha256": "8c7d4caf0f6beb9a8b20df5225915d7a15cef67e01f3efc4face8e5709a508cc",
"crc32": 557483389,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 31302303,
"pdg_dir_name": "\u2551\u251c\u2562\u2556\u2561\u2500\u2563\u00b7\u2550\u2321\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209861",
"pdg_main_pages_found": 71,
"pdg_main_pages_max": 71,
"total_pages": 78,
"total_pixels": 305789094,
"pdf_generation_missing_pages": false
}